# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

3

1996



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلدى

# خەلق ۋەكىللىرى

# سوتچىلارنى نازارەت

# قىلدى



باھالاش مەيدانى

18 - يانۋار ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى خەلق ۋەكىللىرىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىقتىساد كوللېگىيىسىنىڭ خىزمىتىنى باھالاشقا تەشكىللىدى.

مۇدىر ھامىدىن نىياز سۆز قىلدى. مۇئاۋىن مۇدىرلاردىن قەدىرياي، يۈسۈپ مۇھەممىدى، نۇرباير، خوجىخان ھاكىموۋ، ئامىنە ئايار نىمىتا قاتارلىقلار مۇئاۋىن مۇدىر ماسۇئىلىڭ رىياسەتچىلىك قىلدى. شى جەنشۇن قاتارلىق ئوچ ۋەكىل تەنقىدلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ساقلانغان مەسىلىلەرگە تەنقىد بەردى.



مۇدىر ھامىدىن نىياز يىغىن ئاخىرىدا مۇھىم سۆز قىلدى



يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىلىرى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەپتىشلىرى ۋەكىللەرنىڭ باھاسىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى



ۋەكىل ئابدۇقادىر تۆمۈر پىكىر قىلماقتا



يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قۇربان روزى ۋەكىللەرنىڭ باھا-



سوتچىلار ۋەكىللەرنىڭ پىكىرلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى

## ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 19 - يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

ئۆز خەۋىرىمىز: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 19 - يىغىنى 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن تارتىپ ئۈرۈمچى كۇنلۇن مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 - يىغىنىنى ئېچىش توغرىسىدىكى قارارى» (لايىھە)؛ «ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش، سىزىش خىزمىتىنى باشقۇرۇش نىزامى» (لايىھە)؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇدىرلار يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلغان «ئاپتونوم رايوننىڭ نەسىللىك چارۋا مال، ئۆي قۇشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» (لايىھە) توغرىسىدىكى تەكلىپ قاراپ چىقىلدى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەجبۇرىي مائارىپنى يولغا قويۇش چارىسى»نى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بىر نەچچە بەلگىلىمىسى تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پارتىيىنىڭ يېزا سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقنى ھەقىقىي يېنىكلىتىش توغرىسىدىكى دوكلاتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ 1995 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجراسى ھەم 1996 - يىللىق پىلان تۈزۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى مەلۇماتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ 1995 - يىللىق ئومۇمىي خامچوتىنىڭ ئىجراسى ۋە 1996 - يىللىق ئومۇمىي خامچوتىنىڭ تۈزۈلۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى مەلۇماتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - يىغىنىدا ۋەكىللەر بەرگەن تەكلىپلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ نۇرخان غازىنىڭ دەۋا دېلوسىنى تەكشۈرگەنلىك توغرىسىدىكى دوكلاتى قاراپ چىقىلدى. كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ئىشلىرى ماقۇللاندى.

يىغىنغا مۇدىر ھامىدىن نىياز رىياسەتچىلىك قىلدى.

مۇئاۋىن مۇدىرلاردىن شىي فۇپىڭ، قېدىرباي، يۈسۈپ مۇھەممەدى، تۆرباير، شۈي پېڭ، ماسۇنلياڭ، خوجىخان ھاكىموۋ، ئامىنە غاپپار ۋە باش كاتىپ مۇھەممەت ئىسمايىل يىغىنغا قاتناشتى.

تاھىر مامۇت (ئۆز مۇخبىرىمىز)

## خەلق ۋەكىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسىنىڭ خىزمىتىنى تۇنجى قېتىم باھالىدى

ئۆز خەۋىرىمىز: 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى خەلق ۋەكىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدا يىغىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسىنىڭ خىزمىتىنى تۇنجى قېتىم ئاشكارا باھالىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ماسۇنلياڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىن ئاياغلاشقاندا مۇدىر ھامىدىن نىياز مۇھىم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن قېدىرباي، يۈسۈپ مۇھەممەدى، تۆرباير، خوجىخان ھاكىموۋ، ئامىنە غاپپار يىغىنغا قاتناشتى.

باھالاش يىغىنىدا شىي جيەنشۇن، ھاپىز رەخمەت، ئابدۇقادىر ئۆمەر، جاڭ جىنبى، يەن خۇجۇڭ قاتارلىق ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى سۆز قىلدى. ئۇلار ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەم ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇنداقلا بۇندىن كېيىنكى ئۆزگەرتىش پىكىرلىرى ۋە تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ قېتىمقى باھالاش پائالىيىتى بۇلتۇر 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باشلانغان بولۇپ، بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەرنى تەشكىللەپ ماتېرىيال كۆرۈش، ئالاقىدار كىشىلەر ۋە ئادۋوكاتلارنى زىيارەت قىلىش، سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، ئايرىم سۆھبەتلىشىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسىنىڭ خىزمىتىگە بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ 1995 - يىلى ئىشلىگەن خىزمىتىگە نىسبەتەن بىر قەدەر چوڭقۇر چۈشەنچە ھاسىل قىلىپ، بۇ قېتىمقى باھالاش خىزمىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالدى.

مۇدىر ھامىدىن نىياز سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: خەلق ۋەكىللىرىنى يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسىنىڭ خىزمىتىنى باھالاشقا تەشكىللەشتىن مەقسەت، ئىقتىسادىي كېسىم خىزمىتىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، نورمال ئىقتىسادىي تەرتىپنى قوغداپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىشتىن ئىبارەت.

نۇرگۈل كېرىم (ئۆز مۇخبىرىمىز)

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

ئايلىق ژۇرنال

1996 ـ يىل 3 ـ سان

ئومۇمىي 156 ـ سان

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلدى

باش مۇھەررىر: سەمەت دۇكايلى

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: سىراجىدىن ئىسمايىل


## باش خەۋەر


ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 19 ـ يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى ...... (1)

خەلق ۋەكىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسىنىڭ خىزمىتىنى تۇنجى قېتىم باھالىدى ...... (1)


## رەھبەرلەرنىڭ سۆزى


مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى ساۋجىڭنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ قېتىملىق ئەرزىيەت خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى ...... (4)

خەلق ۋەكىللىرىنىڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسىنىڭ خىزمىتىنى باھالاش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ...... ھامىدىن نىياز (10)


## خىزمەت تەتقىقاتى


خەلق قۇرۇلتىيى ئۇقۇمىنىڭ تۆت مەزمۇنى ...... (14)

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ پارتىيە تەشكىلىگە قارىتا قانۇن نازارەتچىلىكىنى يولغا قويۇشىنىڭ ئاساسى ...... (15)

يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنىڭ چېگرىسى ...... (17)

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى «قوش لىنىيىلىك ئالماشتۇرۇش»نى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم ...... (17)


## مۇھاكىمە ۋە تەپەككۇر


غەرب پارلامېنت تۈزۈمى بىلەن ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى توغرىسىدا ...... ئابدۇكېرىم يۇسۇپ (19)


## خەۋەرلەر


جىيا يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى ئەرزىيەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، مول ئۈنۈم ھاسىل قىلدى ...... ئابلىمىت رەخىم (22)

شايار ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مەدەنىيەت بازارلىرىنى تەكشۈردى ...... نۇردۇن سوپۇر (23)

تۆرپان شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمي كومىتېتى مەدەنىيەت بازارلىرى ئەھۋالىنى تەكشۈردى ........................ بارى مەممەت (24)

## جەمئىيەت ۋە كۆزىتىش

تۆمۈريول ساھەسىدە ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە سەپلەش توغرىسىدا ........................ ئىسرايىل تۇردى (25)

## قانۇنىمىز ساۋات

دۆلەتنىڭ تۆلەم تۆلەپ بېرىشىنىڭ تەرتىپلىرى توغرىسىدا ........................................ توختىروزى مەتنۇرى (29)

## دىپلودىن مىسال

يېرىم كېچىدىكى غەلىتە مېھمان ........................ خاۋ دۇڭخۇي (31)

## ھەر ساندا بىر نىزام

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۆلچەش - سىزىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى ........................................ (37)

## ئەتىرگۈل

شېئىرلار ........................................ باھارگۈل ساۋۇت (43)
شېئىرلار ........................................ تۇراپ دائىم (44)
پىكىر ئۇچقۇنلىرى ........................................ ئەيسا ئالىم (46)

## پارلامېنت ھەققىدە چۈشەنچە

ئامېرىكا ، ئەنگلىيە ، فرانسىيە ، ياپونىيە پارلامېنتلىرىنىڭ قانۇن لايىھەلىرىنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى ۋە تەكشۈرۈش تەرتىپى ................ (47)

## ژۇرنىلىمىز مۇقاۋىسىدا

پايتەختتىن مول ھوسۇل ئېلىندى (مۇقاۋىدا) ...... ياڭقۇن فوتوسى
سۈرەتلىك خەۋەرلەر (مۇقاۋىنىڭ 2 - ، 3 - بېتىدە) ........................
........................................ لۇ ۋاڭخاۋ فوتوسى
قىرغىز ئارتىستكا (ئاخىرقى مۇقاۋىدا) ................ لۇ ۋاڭخاۋ فوتوسى

تەشرىدىن چىقىش ۋاقتى :
ھەر ئاينىڭ 5 - كۈنى
تارقاتقۇچى : ئۈرۈمچى
شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى :
جايلاردىكى پوچتىخانىلار

مەملىكەت ئىچىدىكى
بىر تۇتاش نومۇرى :
58 — 34

پوچتا نومۇرى :
830002

ئادرېسىمىز :
ئۈرۈمچى
شەھىرى

شەرق شامىلى
يولى 10 -
قورۇ

تېلېفون : 2828276
ئارقىلىق 736

مۇقاۋىنى باسقۇچى :
شىنجاڭ رەڭلىك
سۈرەت باسما زاۋۇتى
تېكىستىنى باسقۇچى :
ش ئۇ ئا ر خەلق
ھۆكۈمىتى بېيىكوڭتىكى
باسما زاۋۇتى

# مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى ساۋجىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - قېتىملىق ئەرزىيەت خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى (قىسقارتىلمىسى)

1995 - يىل 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى

بۇ قېتىمقى يىغىنىمىزنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت خىزمىتىگە بولغان تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت خىزمىتىنى قانداق قىلىپ ياخشى ئىشلەشنى چۆرىدىگەن ھالدا تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەش ۋە ئالماشتۇرۇش، خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت خىزمىتىنىڭ يېڭى ئۇسۇل ۋە يېڭى يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش، شۇ ئارقىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشتىن ئىبارەت.

1. ئەرزىيەت خىزمىتى پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىدىن ئىبارەت ئومۇمىي ۋەزىيەتكە بويسۇنۇشى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى ئۈچۈن ئاكتىپلىق تۈردە خىزمەت قىلىشى لازىم.

بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىل مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش سېپىدە ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان مۇھىم مەزگىل بولۇپ قالىدۇ. مەركەزنىڭ «تەكلىپ» دە مۇشۇ مەزگىلدىكى ئاساسلىق كۈرەش نىشانىمىز ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بىر قاتار تۈپ پرىنسىپلار ۋە چوڭ فاڭجېنلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان، «پۇرسەتنى تۇتۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش» تىن ئىبارەت ئومۇمىي ۋەزىيەتنى پۇختا ئىگىلەش، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئالاھىدە تەكىتلەندى. بۇ ئاساسلىق فاڭجېننىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ۋە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئۆتكەنكى 17 يىللىق بولۇپمۇ يېقىنقى بىر نەچچە يىللىق ئەمەلىي تەجرىبىلەرنىڭ ئىلمىي يەكۈنى بولۇپ، مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. يولداش جياڭ زېمىن 5 - ئومۇمىي يىغىندا سۆزلىگەندە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «نۆۋەتتە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئۆزگىرىش مەزگىلىدە تۇرماقتا. بۇنىڭغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى كۆز قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشى ئۈچۈنمۇ بىر جەريان كېتىدۇ. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋەت ئۆزگىرىشى بىر قەدەر چوڭ بولىدۇ، ھەر خىل زىددىيەتلەر بىر قەدەر گەۋدىلىك بولىدۇ، مۇقىملىقنى ساقلاش تېخىمۇ زۆرۈر رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ». بىزنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىز پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ مۇشۇ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە بويسۇنۇشى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم، ئەرزىيەت خىزمىتىمۇ چوقۇم مۇشۇ ئومۇمىي ۋەزىيەتكە بويسۇنۇشى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم. ئەمەلىيەت بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئېلىپ كەلگەن ھەر خىل پايدا مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەش

جەريانىدا، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا جەزمەن بىر قاتار يېڭى زىددىيەتلەر ۋە مەسىلىلەر پەيدا بولىدۇ. ھالبۇكى بۇنداق زىددىيەتلەر ۋە مەسىلىلەر يەنە ئالدى بىلەن دائىم خەلقنىڭ ئەرزىيەت پائالىيىتىدە ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. نۆۋەتتە، خەلقنىڭ ئەرزىيەت پائالىيىتىدىكى كوللېكتىپ ئەرز قىلىش، بىرلىشىپ ئەرز يېزىش ئەھۋاللىرىنىڭ كۆپىيىشى، ئىقتىسادىي ئەنزىلەرنىڭ كۆپىيىشى، جەمئىيەتتىكى ئاما گۆگۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرنىڭ گەۋدىلىك بولۇشى قاتارلىقلار مۇشۇ زىددىيەتلەر ۋە مەسىلىلەرنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى ھېسابلىنىدۇ. شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، بۇنداق زىددىيەتلەر ۋە مەسىلىلەر ئالغا ئىلگىرىلەش جەريانىدىكى زىددىيەتلەر ۋە مەسىلىلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرىدىن ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات جەريانىدا ساقلىنىش تەس، ئەمما، بىزمۇ شۇ سەۋەبتىن ھەرگىز سەل قارىماسلىقىمىز، چوقۇم تېخىمۇ ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىز، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشىمىز لازىم، ئۇنداق قىلمىغاندا، جەمئىيەتتىكى مۇقىمسىزلىق ئامىلىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنداق دېيىش كېرەككى، خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت خىزمىتى ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىلەر ئېغىر. شۇڭا، ھەم ئەرزىيەتچىلەرنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا تىرىشىپ ياردەم بېرىش ھەم ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملار ۋە سىياسەتلەرنى سەۋرچانلىق بىلەن تەشۋىق قىلىش، چۈشەندۈرۈش، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى توغرا يۈرگۈزۈشكە يېتەكلەش لازىم. ئەرزىيەتچىلەر ئىنكاس قىلغان مۇقىمسىزلىق بىخلىرىنى ۋاقتىدا ئالاقىدار تارماقلارغا ۋە رايونلارغا يەتكۈزۈش، مەسىلىلەرنى بىخ ھالىتىدىلا تىرىشىپ ھەل قىلىش لازىم. ئەرز قىلىش ئارقىلىق ئەكسىيەتچىل كۆز قاراشلارنى تەرغىب قىلىشقا ياكى قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنغانلارنى قەتئىي چەكلەش لازىم. قىسقىسى، خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت خىزمىتىدە، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، تىنچلىقىنى، ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەشنى بىر تۈرلۈك دائىملىق، مۇھىم ۋەزىپە قىلىش لازىم.

خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى خەلققە ۋەكىللىك قىلىپ، دۆلەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان ئورگان بولغاچقا، چوقۇم خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ ئالاقە باغلىشى، ئاممىنىڭ دەردلىرىنى، ئارزۇلىرىنى ۋە تەلەپلىرىنى ئاڭلىشى، ئاڭلىق ھالدا خەلققە ۋەكىللىك قىلىشى ۋە خەلقنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلالايدۇ. ئەرزىيەت خىزمىتى خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن مۇناسىۋەت باغلىشىدىكى مۇھىم بىر يول. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىكى رەھبىرىي يولداشلار ئەزەلدىن ئەرزىيەت خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ۋېيېۋەنجاڭ چياۋشى 8 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 1 ـ يىغىنىدا سۆزلىگەندە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «خەلق ئاممىسىنىڭ ئەرزىيەت پائالىيىتىگە ئەھمىيەت بېرىش، ئەرزىيەت خىزمىتى تۈزۈملىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئاما بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇپ، دېموكراتىيە يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش لازىم.» ئەرزىيەت خىزمىتى ياخشى ئىشلەنسە، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتەلەيدۇ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خەلقنىڭ قەلبىدىكى ئورنى ۋە ئابرۇيىنى ئۆستۈرەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز خەلق ئالدىدا مەسئۇل بولۇشتەك يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئەرزىيەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەرزىيەت پائالىيەتلىرىگە تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشىمىز، ئالاقىدار قانۇن ۋە سىياسەتلەردىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئەرزىيەت پائالىيىتىدە ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ھالدا ھەل قىلىشىمىز، ئاممىنىڭ غەم ـ ئەن

دىشلىرىنى تۈگىتىپ، قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشقا مۇمكىن قەدەر ياردەم بېرىشىمىز لازىم. خەلق ئاممىسىنىڭ ئەرزىيەت پائالىيىتىدىكى قانۇن تۇرغۇزۇش خىزمىتىگە قارىتا ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر ۋە تەۋسىيەلىرىنى ئەرزىيەت تارماقلىرى رەتلەپ چىقىپ قانۇن - نىزام تۈزگەندە پايدىلىنىش ماتېرىيالى قىلىشى ھەمدە ئاممىنى قانۇن - نىزاملارنى تۈزۈش ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىشقا يېتەكلىشى لازىم. بۇ جەھەتتە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىلەن يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئەرزىيەت تارماقلىرى دەسلەپكى قەدەمدە سىناق ئېلىپ باردى. بەزى شەھەرلەر پۇچاڭزا ئېتىشنى مەنئى قىلىش بەلگىلىمىسى قاتارلىق يەرلىك خاراكتېردىكى قانۇن - نىزاملارنى تۈزۈش جەريانىدا، دائىمىي كومىتېتنىڭ قانۇن تۇرغۇزۇش ۋە تەدبىر بەلگىلەشتە پايدىلىنىشى ئۈچۈن قىزىق لىنىيىلىك تېلېفون ئورنىتىپ، ئەرزىيەت ئارقىلىق ئاممىنىڭ پىكىرلىرىنى كەڭ تۈردە ئاڭلىدى. خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت خىزمىتىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەت قىلىشنى قانات يايدۇرۇشىغا ياردەم بېرىش جەھەتتە جارى قىلدۇرغان رولىمۇ بىر قەدەر كۆرۈنەرلىك بولدى. بەزى جايلاردا خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆكۈمەت، سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ قانۇننى ئادىل، قاتتىق ئىجرا قىلماسلىق شۇنىڭدەك بەزى كادىرلارنىڭ چىرىكلىشىش قىلمىشلىرىغا قارىتا پىكرى كۆپ بولۇپ، دائىم ئەرزىيەت شەكلى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەرزىيەت پائالىيىتىدە يەنە جىنايى ئىشلارغا، ھەق تەلەپ ئىشلىرىغا، ئىقتىساد، مەمۇرىي قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلىدىغان زور مىقداردىكى قانۇننى ئىجرا قىلىش مەسىلىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. مانا بۇلار ئىنتايىن قىممەتلىك ئۇچۇر بايلىقىدۇر. ئەرزىيەت تارماقلىرى ئاممىنىڭ بۇنداق پىكىرلىرى ۋە مەسىلىلىرىنى ۋاقتىدا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئىنكاس قىلىپ تۇرۇشى، نازارەت قىلىشنى قانات يايدۇرۇشتا پايدىلىنىشى لازىم. مانا بۇ خەلق ئاممىسىنىڭ نازارەت قىلىشنى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ نازارەت قىلىشى بىلەن ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈشنىڭ بىر يولى.

قىسقىسى، خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت خىزمىتىدە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئومۇمىي ۋەزىيەتكە بويسۇنۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، تىنچ، ئىتتىپاقلىقنى ساقلاش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش، خەلق ئاممىسى بىلەن تېخىمۇ زىچ ئالاقە باغلاش، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ ئاساسىي قانۇندا بەرگەن خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش لازىم.

2. خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ، پائال تۈردە يېڭى يول ئىزدەش لازىم.

1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىز 1 - قېتىم مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت خىزمىتى يىغىنى ئاچقان ئىدۇق. ئۇ قېتىمقى يىغىندا پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ئالاقىسىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى» ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلغان، خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە كونكرېت ۋەزىپىلىرى ئايدىڭلاشتۇرۇلغان، خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت خىزمىتىدە ناھايىتى چوڭ تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. ئۇ قېتىمقى يىغىندىن بۇيانقى بەش يىل ئىچىدە، كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت خىزمىتىدە ھەقىقەتەن كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كېلىپ، يېڭى تەجرىبىلەر توپلاندى، يېڭى قىياپەت بارلىققا كەلدى، يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

(1) ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ئەرزىيەت خىزمىتىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت

بېرىپ، ئەرزىيەت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. ئەرزىيەت خىزمىتى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كۈندىلىك ئىشلار تەرتىپىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئەرزىيەت خىزمىتى ھەققىدە ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىندى، ئەرزىيەت خىزمىتى خۇلاسىلەندى ۋە تەكشۈرۈلدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، رەھبىرىي يولداشلارنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە قوللىشى خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى.

(2) ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت خىزمىتى ئاپپاراتلىرى قەدەممۇ قەدەم مۇكەممەللەشتى، ئاساسىي قاتلامدىكى خەلق قۇرۇلتايلىرىدىن تارتىپ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغىچە خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت خىزمىتى تورلىرى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى. ئىگىلىشىمىزچە، بىر مۇنچە جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەرزىيەت تارماقلىرى بەنزىلىرى بىر قەدەر كۈچلۈك، خادىملىرى قابىل بولۇپ، خىزمەتلەرنى ناھايىتى ياخشى ئىشلىگەن. بىزدە ناھايىتى ياخشى ئەرزىيەت خىزمىتى قوشۇنى بولۇپ، بۇ قوشۇن جاپا - مۇشەققەتكە چىدىيالايدىغان، خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ ئالاقە باغلىيالايدىغان قوشۇن ھېسابلىنىدۇ.

(3) ئەرزىيەت خىزمىتى تۈزۈمى ۋە قانۇن - نىزاملار ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا، جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ئەرزىيەت خىزمىتىنى قانۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىر يۈرۈش تۈزۈملەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ماسلاشتۇرۇش جەھەتتە ئەرزىيەت خىزمىتىنىڭ مۇناسىپ قانۇن - نىزاملىرى تۈزۈپ بېكىتىلدى. ئەرزىيەت خىزمىتى قانۇن - نىزاملىرى تۈزۈملىرىنىڭ كۈندىن كۈنگە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشى خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى ئۈچۈن قانۇنىي ئاساس يارىتىپ بەردى. ئەمەل قىلىدىغان قانۇنغا، بويسۇنىدىغان نىزاملارغا ئىگە قىلىپ، ئەرزىيەت خىزمىتىنى قانۇنلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش يولىغا سالدى. بۇندىن كېيىن، بۇنداق قانۇن - نىزاملار، تۈزۈملەرنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇش لازىم.

(4) ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت تارماقلىرى بەزى چوڭ، مۇھىم، قىيىن ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، يېڭى تەجرىبىلەرنى توپلىدى.

يولداشلار خۇلاسىلىگەن ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمە بىلەن بولغان ماسلاشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش، ئەنزىلەرنى بىرلىشىپ بېجىرىش تەجرىبىلىرى، ئەرزىيەت خىزمىتىنى قانۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەجرىبىلىرى شۇنىڭدەك رەھبەرلەرنىڭ قوبۇل قىلىش كۈنى ئورنىتىش، قىزىق لىنىيىلىك تېلېفون ئورنىتىش قاتارلىق تەجرىبىلەرنىڭ ھەممىسى كۆپچىلىكنىڭ كۆپ يىل تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئەلۋەتتە يەنە ئۇنى ئەمەلىيەت جەريانىدا يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

(5) ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت خىزمىتىدىكى ئالاقە ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش تېخىمۇ قويۇقلاشتى ۋە نورماللاشتى. ھەر قايسى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك شۇنىڭدەك بەزى ئۆلكىگە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، ئەرزىيەت خىزمىتىنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى، بەزى جايلار يەنە خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچىلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنى، خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت خىزمىتى مۇھاكىمە يىغىنى چاقىردى، بۇنىڭدىن باشقا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى ئەرزىيەت ئىدارىسى باشقۇرغان «خەلق قۇرۇلتىيى

ئەرزىيەت خىزمىتى ئەھۋالىدىن تەجرىبە ئالماشتۇرۇش» ژۇرنىلىمۇ مۇددەت بويىچە چىقىرىلىپ، بۇ خىل تەجرىبە ئالماشتۇرۇشنى تېخىمۇ دائىملاشتۇردى.

بۇ بىرنەچچە يىلدىكى خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت خىزمىتىدە، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ناھايىتى چوڭ نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى دېيىشكە بولىدۇ. شۇنىڭ بىر ۋاقىتتا، بىز يېتەرسىزلىك ۋە كەمچىلىكلىرىمىزنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك.

3. ئەرزىيەت قوشۇنىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىغا يەنىمۇ كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش لازىم.

خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت خىزمىتى دائىملىق مۇھىم خىزمەت. ئەرزىيەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى رەھبەرلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى، كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللىشىدا. جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ئەرزىيەت خىزمىتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشى، رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىشى، ئەرزىيەت خىزمىتىدە يۈز بەرگەن مەسىلىلەر ۋە قىيىنچىلىقلارنى داۋاملىق تەتقىق قىلىشى ۋە ھەل قىلىشى، خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشى لازىم.

يولداشلار ئەرزىيەت ئاپپاراتى مەسىلىسىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتايلىرى ئىنكاس قىلغان ئەھۋالدىن قارىغاندا، ھازىر خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنىغا خەت يېزىپ ئەرز قىلىدىغانلارنىڭ سانى يەنىلا كۆپەيگەن، بىر تەرەپ قىلىش قىيىنلىق دەرىجىسى چوڭايغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەرزىيەت خىزمىتى ئاپپاراتلىرىنى كۈچەيتىشكىلا بولىدۇكى، ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. بۇ مەسىلىگە قارىتا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى بىر تۇتاش بەلگىلىمە چىقىرىشتا قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدۇ، ئەمما مۇنداق بىر پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش زۆرۈركى، ئۇ بولسىمۇ، ئەرزىيەت ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشىنى چوقۇم ئۇلار ئۈستىگە ئالالايدىغان خىزمەت ۋەزىپىسى بىلەن ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇش لازىم. خۇسۇسەن ئاساسىي قاتلامدىكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئەرزىيەت خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش لازىم. بىلىشىمچە، ئاپپارات ئىسلاھاتىدا، بىر مۇنچە جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئەرزىيەت ئاپپاراتلىرى ئاجىزلاشتۇرۇلمايلا قالماستىن، بەلكى بەزى خىزمەتچى خادىملار مۇناسىپ ھالدا كۆپەيتىلگەن. خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت خىزمىتىنى كۈچەيتىش جايلاردىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىنى قوزغىغان. قىسقىسى، مەن بەزى جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتىيىدىكى يولداشلار ئېيتقان ئەرزىيەت خىزمىتىدىن ئىبارەت بۇ قالپاقنى چۆرۈۋېتىشكە بولمايدۇ، ئاپپاراتلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولمايدۇ، خادىملارنى تارقىتىۋېتىشكە بولمايدۇ، دېگەن سۆزگە قوشۇلىمەن. مۇشۇنداق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كۈچەيتىش كېرەك.

ئەرزىيەت خىزمىتى جاپالىق، ئىنچىكە، ئاممىۋى خىزمەت، خەلق ئۈچۈن بىۋاسىتە خىزمەت قىلىدىغان ئورۇن. ناھايىتى كۆپ يولداشلارنىڭ بىر نەچچە يىل، ئون نەچچە يىل ھەتتا بىر نەچچە ئون يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، قېتىرقىنىپ ئىشلەپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ، نامسىز قەھرىمان بولۇشقا رازى بولۇپ، ھەر كۈنى ئەرز قىلىپ كەلگەن ئامما ۋە ئەرز خەتلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، خەلقنىڭ غەم - ئەندىشىلىرىنى تۈگىتىپ، قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بەرگەن. بۇنداق روھ كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ، خۇسۇسەن نۆۋەتتىكى بازار ئىگىلىكىنىڭ چوڭ دولقۇنى ئالدىدا كۆپچىلىكنىڭ نامرات بولۇشقا رازى بولۇپ، ئۆزىنى خالىس تەقدىم قىلىش روھى تېخىمۇ قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. بىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىكى رەھبىرىي يولداشلىرىمىز ئەرزىيەت كادىرلىرىنىڭ خىزمەت، ئۆگىنىش، تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى، ئىمكان قەدەر بارلىق ئامىللار ئارقىلىق ئۇلار ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى بىر خىزمەت ۋە تۇر-

مۇش مۇھتى يارىتىپ بېرىشى، ئۇلارنىڭ غەم ـ ئەندىشىلىرىنى تۈگىتىشى لازىم. ئەرزىيەت كادىرلىرىنىڭ سالامەتلىك قوشۇمچە ياردەم پۇلى مەسىلىسى ھەققىدە مالىيە مىنىستىرلىكى رەسمىي ھۆججەت تارقىتىپ، بۇ قېتىمقى ئەرزىيەت خىزمەت ئورنى قوشۇمچە ياردەم خىراجىتىگە كىرگۈزۈشكە قوشۇلدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ مەسىلە تېخىمۇ ياخشى ھەل بولدى. بۇ مەسىلىنى تېخى ھەل قىلمىغان جايلارنىڭ مۇمكىن قەدەر تېزدىن ئەمەلىيلەشتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

يەنە بىر مەسىلە، ئەرزىيەت كادىرلىرىنىڭ ئۆگىنىش مەسىلىسى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە مەملىكىتىمىزدىكى دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا قانۇنغا چېتىلىدىغان مەسىلىلەر بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. ۋەزىيەت ۋە خىزمەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، خەلق قۇرۇلتىيى ئەرزىيەت خىزمىتى خادىملىرى چوقۇم قانۇننى مۇمكىن قەدەر تېز بىلىۋېلىشى، ئۆزلىرىنىڭ قانۇنىي بىلىم سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى لازىم. يېقىندا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ ھەممىسى ئاساسىي قانۇن ھەققىدە لېكسىيە ئاڭلىدى. ۋېيبۇەنجاڭ چياۋشى كۆپ قېتىم: «قانۇننى ئۆگىنىش، قانۇننى بىلىش، قانۇننى ئىشلىتىشنى چوقۇم مۇھىم ئورۇنغا قويۇش كېرەك. بىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملىرىمىز ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىمىز ئاساسىي قانۇننى ۋە قانۇنلارنى ئۆگىنىشنى دائىم بوشاشتۇرماي تۇتۇشى، تۈزۈمگە ئايلاندۇرۇشى لازىم.» دەپ تەكىتلىگەن. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىدىكى خىزمەتچى خادىملارمۇ چوقۇم قانۇننى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى، بىلىشى ۋە ئىشلىتىشى لازىم. ئەرزىيەت كادىرلىرى قانۇننى ئۆگىنىش، بىلىش ۋە ئىشلىتىشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇشى لازىم.

(ساماساق سادىق تەرجىمىسى)

## بىر جۈملىلىك خەۋەرلەر

ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، تىنچ ـ ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىش ۋە ئۇنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھەر قايسى يېڭى بىر نۆۋەتلىك يېزا بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ 1 ـ يىغىنىنى ئېچىپ، ئالاقىدار قانۇنلار بويىچە ئىش كۆرۈپ، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يېزا دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىك كوللېكتىپىنى سايلاپ چىقتى.

مۇھەممەت ئەمەت

قۇمۇل شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمە» دىكى ئۆزى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن كادىرلارغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، نازارەتچىلىك ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، قانۇن ساۋاتلىرى بويىچە ئۇلاردىن ئىمتىھان ئېلىپ، بۇنى كادىرلارنى باھالاشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلدى.

قېيۇم باياخۇن

# خەلق ۋەكىللىرىنىڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسىنىڭ خىزمىتىنى باھالاش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆز

ھامىدىن نىياز

(1996 - يىل 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى)

يولداشلار:

ۋەكىللەرنىڭ باھالاش پىكىرلىرىنى، يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ۋە ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى مەسئۇللىرىنىڭ ئىپادە بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن قىلغان سۆزىنى ئاڭلاپ، بۈگۈنكى يىغىننىڭ ياخشى، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن.

خەلق ۋەكىللىرىنى يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسىنىڭ خىزمىتىنى باھالاشقا ئۇيۇشتۇرۇشتىكى مەقسەت — ئىقتىسادىي سوت خىزمىتىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، نورمال ئىقتىسادىي تەرتىپنى ساقلاپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىش، شۇنداقلا بۇ قېتىمقى باھالاش ئارقىلىق، بۇندىن كېيىن ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتىنى باھالاش ئىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تەجرىبە توپلاش. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ قېتىمقى باھالاشتا كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتتۇق. تۆۋەندە مەن بۇ قېتىمقى باھالاش خىزمىتى ھەققىدىكى بىر قانچە قارىشىم ۋە پىكرىمنى ئېيتىپ ئۆتىمەن.

## 1. يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسىنىڭ خىزمىتىگە باھا

بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، دېلو كۆرۈش، ئالاقىدار تەرەپلەرنى، ئادۋوكاتلارنى زىيارەت قىلىش، سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، ئايرىم سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسىنىڭ خىزمىتىنى، بولۇپمۇ 1995 - يىللىق خىزمىتىنى بىر قەدەر چوڭقۇر ئىگىلىدى. بۈگۈن ۋەكىللەرنىڭ باھالاش پىكىرلىرىمۇ راستچىل ۋە ئادىل بولدى. ئومۇمەن قارىغاندا، ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ، «ئۈچكە پايدىلىق بولۇش»نى ئۆلچەم قىلىپ، پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئادەم ئاز، ۋەزىپە ئېغىر بولغان ئەھۋالدا، زور بىر تۈركۈم ئىقتىسادىي ماجىرا ئەنزىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپ، قانۇن ۋاستىسى ئارقىلىق ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەش، نورمال ئىقتىسادىي تەرتىپنى ساقلاش فۇنكسىيىسىنى تولۇق يۈرگۈزۈپ، پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغدىدى. ئەمەلىيەت يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسىدىكى كادىرلارنىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي ساپاسىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىقتىسادىي سوت خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بىر مۇنچە سوت خادىملىرىنىڭ قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، ئەنزىلەرنى ئادىل بېجىرىشتىكى ئىپادىسى گەۋدىلىك بولدى. ئۇلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي

تەرەققىياتىنى كاپالەتلەندۈرۈش، نورمال ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرتىپنى ساقلاش يولىدا تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. بۇنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك.

لېكىن، ۋەكىللەر باھالاش پىكىرلىرىدە ئېيتقاندەك، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىقتىسادىي سوت خىزمىتى يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە تولۇق ئۇيغۇنلىشىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ، خىزمەتتە بەزى مەسىلىلەرمۇ ساقلانماقتا. بىرىنچى، ئىقتىسادىي ماجىرا ئەنزىلىرى چىگىش، مۇرەككەپ بولغاچقا، ئەنزە بېجىرگۈچىلەر خىزمەتنى مۇكەممەل ئىشلىمىگەچكە، بەزى ئەنزىلەردە قانۇننى مۇۋاپىق تەتبىقلىماسلىق، ھەتتا خاتا ھۆكۈم چىقىرىش مەسىلىسى كېلىپ چىقتى. خاتالىق بولىدىكەن جەزمەن تۈزىتىش دېگەن پرىنسىپ بويىچە، دەرھال ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ، ۋاقىت ۋە كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بۇ ئەنزىلەرنى سوت نازارەتچىلىكى تەرتىپى بويىچە قايتىدىن قاراپ چىقىش ھەمدە ئۇنىڭ نەتىجىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا دوكلات قىلىش كېرەك. ئىككىنچى، تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىگە كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش كۈچلۈك بولمىدى، قىسمەن ئەنزىلەر سوت قىلىش مۇددىتىدىن ئېشىپ كەتتى. يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي سوت كەسپىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ۋە سوت نازارەتچىلىكى قىلىدىغان فۇنكسىيىلىك تارماق بولغاچقا، بىۋاسىتە ئەنزە بېجىرىش كەسپى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، سوت كەسپىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە نازارەت قىلىش كەسپىنىمۇ ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. تۆۋەندىكى سوت مەھكىمىلىرى: يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسىنىڭ بۇ بىر قانچە يىلدىن بېرى تۆۋەنگە چۈشۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى، كەسپىي جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىشى، كادىرلارنى تەربىيىلەشى ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. يوليورۇق سورالغان ئالاقىدار مەسىلىلەرگە تەستىقىي جاۋاب بېرىشى بەك كېچىكىپ كېتىۋاتىدۇ، دەپ ئىنكاس قىلماقتا. بۇلار دىققەت-ئېتىبارنى قوزغىشى، ھەقىقىي تۈزىتىلىشى كېرەك. ئۈچىنچى، ئاممىنىڭ ئىنكاسىدىن قارىغاندا، ئەنزە بېجىرگۈچى بەزى خادىملار پاك ئەمەسكەن، ئۇلار نەپ بەرمىسە ئەنزە بېجىرمەيدىكەن، نەپ بەرسە ئەنزىنى قالايمىقان بېجىرىدىكەن. بۇلار ئېغىر ناتوغرا كەسپىي ئىستىل ۋە چىرىكلىك ھېسابلىنىدۇ. بەزى ئامما ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرنى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈپ چىقىشىغا يوللاپ بېرىمىز. ئەگەر ئەھۋال راست بولسا، پارتىيە ئىنتىزام جازاسى بېرىش ۋە مەمۇرىي چارە كۆرۈش كېرەك. ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشقا تېگىشلىكلىرىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش، جىنايى ئىشلار قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلارنى قانۇن بويىچە كەسكىن بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ۋەكىللەر ۋە خەلق ئاممىسى بەرگەن پىكىر، تەكلىپلەرگە يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى رەھبەرلىرى ۋە ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسىدىكى بارلىق يولداشلار يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ، تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسىلىنى ھەقىقىي ھەل قىلىشى كېرەك.

**2. سوت خىزمىتىدە بۇندىن كېيىن دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر قانچە مەسىلە**

بازار ئىگىلىكىنىڭ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىشى بىلەن، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ساھەلىرى، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي ساھەنىڭ قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىشكە بولغان ساداسى بارغانسېرى يۇقىرى بولماقتا، تەلىپى بارغانسېرى جىددىي بولماقتا. باش شۇجى جياڭ زېمىن بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك سىياسىي قانۇن خىزمىتى يىغىنىدا «قانۇن چىقىرىش، ئەدلىيە، قانۇن ئىجرا قىلىش، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق ھالقىلاردا داۋاملىق ھەسسىلەپ تىرىشىپ، ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇش، قانۇنغا جەزمەن ئاساسلىنىش، قانۇننى قەتئىي ئىجرا قىلىش، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى سۈرۈشتۈرۈشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە نوپۇزىنى ھەقىقىي قوغداش لازىم» دەپ تەكىتلىدى. ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرىدۇ، ئۇلار زور مەسئۇلىيەت ۋە ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان، ئۇلار يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ، تۈرلۈك سوت خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق ئىشلىرىنى قوغداشتا، 9-بەش يىللىق پىلان ۋە 2010-يىللىق كەلگۈسى نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا كۈچلۈك ئەدلىيە كاپالىتى بېرىشى كېرەك. بۇ قېتىمقى

باھالاشتا سېزىلگەن مەسىلىلەر ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ سوت خىزمىتىگە بەرگەن پىكىرلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ يەردە مەن بىر قانچە تەلەپ قويماقچىمەن.

بىرىنچى، قانۇننى كەسكىن ئىجرا قىلىش، ئادىل ھۆكۈم چىقىرىش، قانۇن-تۈزۈمنىڭ نوپۇزى ۋە بىرلىكىنى قوغداش كېرەك. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى بىرلىككە كەلگەن قانۇن-تۈزۈم ئارقىلىق ساقلاش ۋە كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى «ئىسلاھاتقا كاپالەتلىك قىلىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش»تىن ئىبارەت سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلىشى كېرەك. ئەدلىيە ۋاسىتىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، تۈرلۈك جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەش، بازار ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئادىل رىقابەتنى قوغداش، بازار تەرتىپىنى ساقلاش كېرەك. قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈپ، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى جازالاپ، پۇقرالارنىڭ، قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداش كېرەك. ئەدلىيە ئادىللىقى سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىنىڭ بەلگىسى. ئەدلىيە ئادىللىقى بۇزۇلسا ئەدلىيە چىرىكلىكى كېلىپ چىقىدۇ، ئەدلىيە كېسىمىنىڭ نوپۇزىغا تەسىر يېتىدۇ، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس. بارلىق سوت خادىملىرى قانۇنچىلىق قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، شەخسىيەتچىلىك قىلماي، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىپ، ئەنزىنى قانۇن بويىچە بېجىرىپ، سوت خىزمىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ئەنزىلەرنىڭ بېجىرىلىش سۈپىتى بىلەن ئۈنۈمىنىڭ بىرلىكىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

ئىككىنچى، قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. سودىيەلەر ساپاسىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇشى سوت خىزمىتىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. قانۇن ھەر قانچە ياخشى تۈزۈلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ يەنىلا ئىجرا قىلغۇچىغا باغلىق. ئادىل قانۇن ۋە دىيانەتلىك ئەمەلدار بولۇش قانۇننى ياخشى يولغا قويۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بىزدە قانۇن ئىجرا قىلىش ئېغىر كۈچلۈك. سەۋىيىسى يۇقىرى سودىيەلەر قوشۇنى بولغاندىلا، تۈرلۈك كاشىلىلارنى يېڭىپ، قانۇننى قاتتىق، ئادىل ئىجرا قىلالايمىز! مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تۈزگەن سودىيەلەر قانۇنى رەسمىي ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى. بۇ ھازىرقى سودىيەلەر تۈزۈمى ئۈستىدىكى زور ئىسلاھات بولۇپ، سودىيەلەرنى ئىلمىي، قانۇن-تۈزۈم بويىچە باشقۇرۇش، بۇ قوشۇننىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز ئۇنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، قاتتىق ئىجرا قىلىشىمىز ھەمدە شۇ ئارقىلىق سوت مەھكىمىسىنىڭ قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك. شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، پاك-تەلەپچان بولۇش ئەدلىيە خادىملىرىغا قويۇلغان ئەقەللىي تەلەپ، ئەدلىيە ئادىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. شۇجى ۋاڭ لېچۈەن ئاپتونوم رايوننىڭ بۇ يىللىق چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، كەسىپلەردىكى ناتوغرا ئىستىلنى تۈزىتىش بويىچە سەپەرۋەرلىك تېلېفون يىغىنىدا ئېيتقاندەك، زىياپەتلەرگە كۆپ بېرىش، ئالىي تاماشاخانىلارغا كىرىش، سائۇنا مۇنچىسىغا چۈشۈش، بولبۇڭ توپى ئويناشقا ئوخشاش ئەھۋاللار يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسىدە بارمۇ-يوق؟ باشقا سوت كوللېگىيىلىرىدە بارمۇ-يوق؟ ئىنكاسلارغا قارىغاندا بار ئىكەن، مانا بۇ كەسىپتىكى ناتوغرا ئىستىل، بىر خىل ئەدلىيە چىرىكلىكى. دەۋاگەرلەر نېمە ئۈچۈن مېھمان چاقىرىدۇ؟ بۇنىڭدا ئەلۋەتتە سودىيە قولىدىكى سوت قىلىش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىگە پايدىلىق ھۆكۈم چىقىرتىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بەزى سودىيەلىرىمىز خەقنىڭكىنى يېگەن، خەجلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئەنزىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، قانۇننى، پرىنسىپنى، ئەدلىيە ئادىللىقىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ-دە، قانۇننى دەپسەندە قىلىدۇ، بۇنىڭغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. ھازىر تۆۋەنگە چۈشۈپ ئەنزە بېجىرگەندە دەۋاگەردىن پۇل تەلەپ قىلىدىغان بىر خىل ئەھۋال بار. دەۋا ھەققى، ئىجرا ھەققى ئېلىنغاندىن كېيىن، نېمە ئۈچۈن يەنە باشقا ھەق ئېلىنىدۇ؟ بۇ، بىر جەھەتتىن دەۋاگەرنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن قانۇننى ئىجرا قىلىشتا ئادالەتسىزلىكنى ئاسان كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنى تۈزىتىش كېرەك. «باشقىلارنىڭكىنى يېسەڭ تىلىڭ تۇتۇلىدۇ». بۇنداق ئەھۋال بولسا، ئۆزلۈكىدىن تاپشۇرۇش كېرەك. ئۆتكەنكى مەسىلىلەرنى ئومۇمەن ئۆزى تەكشۈرۈپ تۈزەتسىلا، ئۇنى سۈرۈشتۈرمىسىمۇ بولىدۇ. ئەمما قارشى يول تۇتقانلارنى قاتتىق جازالاش، سېزىلسىلا بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

ئۈچىنچى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك قىلىشى بىلەن سوت ئورگانلىرىنىڭ سوت قىلىش ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزۈشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئاساسىي قانۇندا: دۆلەتنىڭ مەمۇرىي، سوت، تەپتىش ئورگانلىرى خەلق قۇرۇلتىيىدا ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلىدۇ، خەلق قۇرۇلتىيى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ نازارەتچىلىكىدە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. سوت ئورگانلىرى سوت قىلىش ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزىدۇ، مەمۇرىي ئورگان، ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ ئارىلاشتۇرمايدۇ دېگەنلىك

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكى كېرەك ئەمەس، دېگەنلىك ئەمەس. قەدىمقى ۋە ھازىرقى زاماندىمۇ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىمۇ تەجرىبە ـ ساۋاقلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھوقۇق تۇتقۇچى نازارەتچىلىكنى قوبۇل قىلمىسا، ھوقۇقنى كەلسە ـ كەلمەس ئىشلىتىپ، چىرىكلىشىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكى شەخسىي ھەرىكەت ئەمەس، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقى. بۇنداق نازارەتچىلىك يۇقىرى قاتلاملىق نازارەتچىلىك. ئۇنىڭ تۈپ مەقسىتى سوت ئورگانلىرىنىڭ قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ نوپۇزىنى قوغداشتىن ئىبارەت. بۇنداق نازارەتچىلىك ھەم سوت ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇق يۈرگۈزۈشىگە نىسبەتەن بىر خىل چەكلەش ھەم ئۇلارنىڭ سوت قىلىش ھوقۇقىنى توغرا يۈرگۈزۈشىنى قوللىغانلىق ۋە ئىلگىرى سۈرگەنلىك. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەت قىلىشىنى «تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرگەنلىك»، «چاتاق ئىزدىگەنلىك» دەپ قاراش توغرا ئەمەس. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەت قىلىشى بىلەن سوت ئورگانلىرىنىڭ سوت قىلىش ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزۈشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلغاندىلا، نازارەت قىلىش بىلەن نازارەت قىلىنىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرغىلى بولىدۇ، خىزمىتىمىزنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ. ئەلۋەتتە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ كونكرېت ئەنزىلەر ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكى، ئومۇمەن ئېيتقاندا، كۆپىنچە سوت مەھكىمىسى ئاخىرقى ھۆكۈمنى چىقارغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. لېكىن، ئەنزە بېجىرىش جەريانىدا، بەزىلەر ئەرز ـ شىكايەت قىلغاندا ياكى سوت ئورگانلىرىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىشىدا خاتالىق يۈز بېرىش ئېھتىمالى كۆرۈلگەندىمۇ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋاقتىدا پىكىر ۋە تەكلىپ بېرىشى كېرەك. سوت ئورگانلىرى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەرگەن پىكىر ۋە تەكلىپكە جىددىي مۇئامىلە قىلىپ، بىر بىرلەپ جاۋاب بېرىشى لازىم. قىسقىسى، نازارەت قىلغۇچى بىلەن نازارەت قىلىنغۇچىنىڭ مەقسىتى قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش. ئەنزە بېجىرىش داۋامىدىكى مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بايقاش ۋە تۈزىتىش، قانۇننىڭ توغرا ئىجرا قىلىنىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىشتىن ئىبارەت. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىقنىڭ راۋاجلىنىشىغا، خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكراتىيە ئېڭى، قانۇن ئېڭى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قانۇن قورالىدىن پايدىلىنىپ قوغداش ئېڭىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەرزلەرنى ۋاقتىدا قوبۇل قىلىشى ۋە ۋاقتىدا نازارەتچىلىك قىلىشى تېخىمۇ زۆرۈر بولماقتا. بۇ يىل ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئاممىنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى تەشكىللەپ بەزى ساھە ۋە تارماقلارنىڭ كەسپ ئىستىلىنى توغرىلاش خىزمىتىنى باھالاش ۋە تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى تەلەپكە ئاساسەن، كەسپلەردىكى ناتوغرا ئىستىلنى تۈزىتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، باھالاش، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق كۆپ خىل نازارەتچىلىك ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلار، ئەدلىيە ئورگانلىرىغا بولغان نازارەتچىلىكنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزىي خىزمىتىگە كۈچلۈك ماسلىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى، سوت ئورگانلىرى، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلىشى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ چوڭقۇر، پۇختا ئېلىپ بېرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن پائال تىرىشىدۇ.

ئۈچىنچى، سوت مەھكىمىلىرى سىستېمىسىنىڭ يەرلىك نىزام تەييارلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، سوت خىزمىتىنى قانۇن ـ تۈزۈم ئىزىغا سېلىش كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزدا سوت خىزمىتىگە دائىر يەرلىك نىزام ھازىرغىچە تۈزۈپ چىقىلمىدى. باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار بۇ جەھەتتە بىزنىڭ خېلىلا ئالدىمىزدا مېڭىۋاتىدۇ. مەسىلەن، «خاتا ئەنزىلەرنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىگە ئائىت بىر قانچە بەلگىلىمە»، «سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئىجرا خىزمىتى نىزامى» قاتارلىقلارنى تۈزۈپ چىقىپ، بەزى ئىچكى تۈزۈملەرنى يەرلىك نىزام دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇردى، سوت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈردى، ئىچكى نازارەتچىلىك ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، پاك بولماسلىق قىلمىشى كېلىپ چىقىدىغان يوچۇقلارنى ئەتتى، شۇنىڭ بىلەن ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە سوت مەھكىمىسى سوت مەھكىمىلىرى سىستېمىسىنىڭ يەرلىك نىزام تەييارلاش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ يىل ئىچىدە روشەن نەتىجە ھاسىل قىلىشقا تىرىشىشى كېرەك.

يولداشلار، خەلق ۋەكىللىرىنى تەشكىللەپ باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش ئەمەلىيىتىدە ئىجاد قىلىنغان بىر خىل يېڭى، ئۈنۈملۈك نازارەتچىلىك شەكلى بولۇپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىدە تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە كېڭەيتىپ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتىنى باھالاپلا قالماستىن، ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلىرى ۋە ئىقتىسادىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىنىمۇ باھالاپ، يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

كۆپچىلىككە رەھمەت!

# خەلق قۇرۇلتىيى ئۇقۇمىنىڭ تۆت مەزمۇنى

خەلق قۇرۇلتىيى ئۇقۇمى — دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدىكى خەلقنىڭ هاكىمىيەت ئىگىدىن ئىبارەت. بۇ تەبىرنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى مۇنداق تۆت جەھەتتىن چۈشىنىشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، خەلقنىڭ ئىلمىي بولغان هاكىمىيەت كۆز قارىشىدۇر. خەلق قۇرۇلتىيى ئۇقۇمى ئالدى بىلەن خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى هاكىمىيەت كۆز قارىشى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ يۈز نەچچە يىل جاپالىق تىرىشىشى، قان ئاققۇزۇپ قۇربان بېرىشى بەدىلىگە كەلگەن قىممەتلىك بايلىقى. شۇڭا، دۆلىتىمىز ئاساسىي قانۇنىنىڭ 2 - ماددىسىدا: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە بارلىق هاكىمىيەت خەلققە مەنسۇپ. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى خەلقنىڭ دۆلەت هاكىمىيىتىنى يۈرگۈزىدىغان ئورگانلىرىدۇر. خەلق دۆلەت ئىشلىرىنى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ۋە جامائەت ئىشلىرىنى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، تۈرلۈك يوللار ۋە شەكىللەر بىلەن باشقۇرىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. دۆلەتنىڭ خوجايىنلىرى نېمە ئۈچۈن ئۆزى هاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان ئورگان — خەلق قۇرۇلتىيىغا نىسبەتەن چۈشىنىشى، هۆرمىتى يېتەرلىك بولمايدۇ؟ ئىدىيىۋى تونۇش جەھەتتىكى مۇھىم سەۋەب، هاكىمىيەت كۆز قارىشىنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن ئىبارەت. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزگەن ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، قارار ۋە قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىشنى چۈشەنمەسلىك، بارلىق هاكىمىيەت خەلققە مەنسۇپ بولۇشنىڭ مەنىسىنى بىلمەسلىكنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئىپادىلىنىشى. ئۇلار «قانۇن چىقىرىشنىڭ فۇنكسىيىسى ئەمەلىي كۈچ بولۇپ ئىپادىلەنمەستىن بەلكى نەزەرىيىۋى كۈچ بولۇپ ئىپادىلىنىدىغان ئىرادە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. ئەمما خەلقنىڭ ئومۇمىي ئىرادىسىنى پەقەت مۇشۇ خىل هاكىمىيەت شەكلى ئارقىلىقلا ئىپادىلەشكە بولىدۇ. خەلقنىڭ هاكىمىيەت يۈرگۈزۈش يولى ۋە شەكلىنى چۈشەنمەسلىك خىلمۇ خىل بولسىمۇ، لېكىن نىسبەتەن ئۇزۇن بولغان تارىخىي دەۋردە ھەممە ئادەمنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى بىۋاسىتە باشقۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس، بۇنىڭدا پەقەت ۋەكىللىك تۈزۈمنى ۋە ۋەكالەت تۈزۈمنى ئاساسىي شەكىل قىلىشقا بولىدۇ. دەل مۇشۇ بىر نەچچە جەھەتتىكى «چۈشەنمەسلىك» مەۋجۇت بولغاچقا، كىشىلەر دائىم خەلقنىڭ ئىرادىسىنىڭ نەزەرىيە كۈچىگە سەل قاراپ، خەلقنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا قوغلىشىپ، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگىنىنى خاتا ھالدا «ھەقىقىي هاكىمىيەت» دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، خەلق قۇرۇلتىيىلا دۆلەتنىڭ ھەقىقىي هاكىمىيەت ئورگىنى، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگىنى بولسا دۆلەت هاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ ھاۋالىسى، هوقۇق بېرىشى بىلەن ئۆزىگە بېرىلگەن هوقۇقنى ئىجرا قىلغۇچى ئورگان.

ئىككىنچى، دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىدۇر. خەلقنىڭ دۆلەت هاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈش ئورگىنى بولغان خەلق قۇرۇلتىيى ئاپپاراتلىرى زىچ، مۇكەممەل بولغان بىر تەشكىلىي سىستېما. پەقەت مۇشۇنداق دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىلىي سىستېمىسى بولغاندىلا، ئاندىن دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرگىلى ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرغىلى، قۇدرەتلىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدىكى

خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىلىي سىستېمىسى دۆلىتىمىزنىڭ خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت تۈزۈمگە ئۇيغۇن بولغان سىياسىي تۈزۈمگە ، دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمگە ئايلاندى . بۇ خىل دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش ، ئۇنى قوغداش ، راۋاجلاندۇرۇش ، خەلق قۇرۇلتىيى ئىگىنى كۈچەيتىشنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى . ئۈچىنچى ، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ نوپۇزلۇق رولى . دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى بولغان خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولى ۋە نوپۇزىنى ئېنىق چۈشىنىش خەلق قۇرۇلتىيى ئىگىنى كۈچەيتىشنىڭ ئاچقۇچى . خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھەم قانۇن چىقارغۇچى ئورگان ھەم خىزمەت قىلغۇچى ئورگان بولغاچقا ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۇۋەت ئالمىشىش سايلىمى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىغا توغرا كېلىدۇ ؛ خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىلغاندا ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى خەلق قۇرۇلتىيى ماقۇللىغان قارارلارنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ ئىجرا قىلىنىشىغا كېپىللىك قىلىش ئۈچۈن ئۆز ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ ؛ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن دائىم ئالاقە باغلاش ، ئۇلارنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشىنمۇ دائىمىي كومىتېت باشقۇرىدۇ . مانا بۇلار ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن ، تەبىئىي ھالدا خەلقنىڭ ھاكىمىيەت كۆز قارىشىنىڭ ماددىي جەھەتتىكى ئىپادىلىنىشى بولۇپ ، دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىلىي سىستېمىسىنىڭ مۇھىم ئالاقىچىسى بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . شۇڭا ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى قانداق قىلىپ تولۇق جارى قىلدۇرۇش ، خەلق قۇرۇلتىيى ئىگىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىل بولۇپ قالدى . تۆتىنچى ، ئادەم ئارقىلىق باشقۇرۇشنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش . خەلق قۇرۇلتىيى ئۇقۇمىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى ئاساسىي قانۇننىڭ قانۇن قىلىپىدىن ئىبارەت . شۇڭلاشقا ، ئادەم ئارقىلىق باشقۇرۇشنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش خەلق قۇرۇلتىيى ئۇقۇمىنىڭ زۆرۈر تەلىپى ۋە ئاساسىي مەزمۇنىغا ئايلاندى . ئادەم ئارقىلىق باشقۇرۇشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشقا سەل قارىلىدىغان بولسا ، ھەقىقىي خەلق قۇرۇلتىيى ئۇقۇمىغا ئىگە بولغىلى بولمايدۇ .

(نۇرگۈل كېرەم تەرجىمىسى)

## خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ پارتىيە تەشكىلىگە قارىتا قانۇن نازارەتچىلىكىنى يولغا قويۇشىنىڭ ئاساسى

پارتكوم قانۇننىڭ نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلىشى كېرەكمۇ ـ يوق؟ بۇ ئىنتايىن جىددىي ، شۇنىڭدەك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە . شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى ، پارتىيىنىڭ خاراكتېرى ، ئورنى ۋە رولى ، ئۇنىڭ چوقۇم قانۇنغا رىئايە قىلىش ، قانۇننى ھىمايە قىلىش ، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا ئۈلگە بولۇشى لازىملىقىنى ، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا چوقۇم خەلقنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى

لازىملىقىنى بەلگىلىگەن. پارتىيە تەشكىلاتىغا قارىتا قانۇن نازارەتچىلىكىنى يولغا قويۇشنىڭ يېتەرلىك ئاساسى بار: بىرىنچىسى، ئاساسىي قانۇن ئاساسى. ئاساسىي قانۇننىڭ كىرىش سۆزىدە: «مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى، بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى ۋە قوراللىق كۈچلەر، ھەر قايسى پارتىيىلەر ۋە جامائەت تەشكىلاتلىرى، ھەر قايسى كارخانا تەشكىلاتلىرى، كەسپىي تەشكىلاتلار ئاساسىي قانۇننى ئۆز ھەرىكىتىنىڭ مىزانى قىلىش ھەمدە ئاساسىي قانۇننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداش، ئاساسىي قانۇننى يولغا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «سىياسىي پارتىيە» ھاكىمىيەت يۈرگۈزىۋاتقان پارتىيە بولغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاساسىي قانۇننىڭ 5 ـ ماددا 2 ـ تارمىقىدا: «ھەر قانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىن چەتنىگەن ھالدا ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «ھەر قانداق تەشكىلات ياكى شەخس» جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھەر قانداق دەرىجىدىكى تەشكىلاتى ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىككىنچى، نەزەرىيە ئاساسى. دۆلىتىمىز خەلق جۇمھۇرىيىتى، خەلق دۆلەتنىڭ خوجايىنى. كومپارتىيە پرولېتارىياتنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنى، خەلقنىڭ بىر قىسمى. پارتىيىنىڭ ھوقۇقىنى خەلق بەرگەن. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلققە ۋەكالىتەن بارلىق ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە سىياسىي پارتىيىلەر ئۈستىدىن قانۇن نازارەتچىلىكى يۈرگۈزۈشكە ھوقۇقلۇق. ئۈچىنچىسى، ھوقۇق ئاساسى. يەرلىك تەشكىلىي قانۇندا بەلگىلەنگەن ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئاساسلىق ھوقۇقى: «ئۆز مەمۇرىي رايونى دائىرىسىدە ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، مەمۇرىي نىزاملار ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى چىقارغان قارارلارغا رىئايە قىلىش ۋە ئىجرا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش» تىن ئىبارەت. خەلق قۇرۇلتىيى ئەگەر ئۆز مەمۇرىي رايونى دائىرىسىدىكى پارتىيە تەشكىلىنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىغا قارىتا نازارەتچىلىك قىلمىسا، ئۇنداقتا، ئۇنىڭ «كاپالەتلىك قىلىش خاراكتېرى» زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ كېتىدۇ. تۆتىنچىسى، پارتىيە ئىنتىزامى ئاساسى. پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ باش پروگراممىسىدا: «پارتىيە چوقۇم ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرىسىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى شەرت» دېيىلگەن. بۇ ماددا پارتىيىنىڭ ئىنتىزامى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلار ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرىدىن بۇنى قەتئىي ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ بەلگىلىمە ئاساسىي قانۇننىڭ باش پروگراممىسىدىكى «دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ بىرلىكى ۋە ئابرويى قوغدىلىدۇ»، «ھەر قانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىن چەتنىگەن ھالدا ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ» دېگەن بەلگىلىمىسى بىلەن بىردەك. پارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيە تەشكىلى پارتىيە ئىنتىزامى كۆز قارىشىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، «دۆلەت قانۇنى» كۆز قارىشىنى كۈچەيتىشى، ئۇلارنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش، قانۇنغا رىئايە قىلىش ئەھۋالى خەلق ئاممىسىنىڭ بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش تارماقلىرى ۋە شۇ دەرىجىلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ نازارىتىدە قوبۇل قىلىشى كېرەك.

## يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنىڭ چېگرىسى

يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنىڭ دائىرىسىنى چوڭ جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك ئايرىشقا بولىدۇ: (1) خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇزاكىرە قىلىش، بېكىتىشكە تەۋە بولغان شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق چوڭ ئىشلاردا، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يەرلىك نىزام تۈزىدۇ ياكى قارار چىقىرىدۇ؛ ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش ھوقۇقى دائىرىسىدىكى ئىشلارغا، ھۆكۈمەت قائىدە - تۈزۈم بېكىتىپ بېرىدۇ. (2) باراۋەر سۇبيېكتلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەق - تەلەپ مۇناسىۋەتنى ياراشتۇرۇشقا تاقىلىدىغان ئىشلارغا، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يەرلىك نىزام تۈزىدۇ؛ ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ۋە ھەر قايسى تارماقلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتنى ياراشتۇرۇشقا بېرىپ تاقىلىدىغان ئىشلارغا ھۆكۈمەت قائىدە بەلگىلەيدۇ؛ (3) ھۆكۈمەتنى نازارەت قىلىش ياكى ھۆكۈمەتنىڭ ھەرىكەتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇشقا چېتىلىدىغان ئىشلارغا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يەرلىك نىزام تۈزۈپ چىقىدۇ؛ ھۆكۈمەت سىياسەت بەلگىلەشكە تېگىشلىك ئىشلارغا ھۆكۈمەت قائىدە بەلگىلەيدۇ. (4) ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشى جەھەتتە، خەلق سوت مەھكىمىسى، ئەدلىيە جەھەتتىن كېپىللىك قىلىدىغان ئىشلارغا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنى يەرلىك نىزام تۈزۈشكە تەكلىپ قىلسا بولىدۇ؛ ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىدە ئىجرا قىلىش ۋاستىسى بار بولۇپ، خەلق سوت مەھكىمىسى ئەدلىيە جەھەتتىن كېپىللىك بەرمىسمۇ بولىدىغان ئىشلارغا ھۆكۈمەت قائىدە بەلگىلەيدۇ. (5) ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، مەمۇرىي نىزاملارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتتە، قانۇن، مەمۇرىي نىزاملاردا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا قارار چىقىرىش ھوقۇقى بېرىلگەن ئىشلارغا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن تۈزۈپ چىقىرىدۇ. (6) دۆلەت تېخى قانۇن تۈزمىگەن ئەمما يەرلىكتە ئىجرا قىلىشقا قانۇن قېلىپى تۈزۈپ بېرىلگەن ئىشلارغا پرىنسىپ جەھەتتە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يەرلىك نىزام تۈزۈشى لازىم؛ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھۆكۈمەتكە بەلگىلىمە چىقىرىش ھوقۇقى بېرىلسىمۇ بولىدۇ دەپ قارىغان ئىشلارغا، ھۆكۈمەت ئۆزىگە بېرىلگەن ھوقۇققا ئاساسەن قائىدە تۈزسە بولىدۇ.

(نۇرگۈل كېرىم تەرجىمىسى)

## خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى «قوش لىنىيىلىك ئالماشتۇرۇش» نى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنى كادىرلىرىنى شۇ دەرىجىلىك پارت-

كوم ، ھۆكۈمەت كادىرلىرى بىلەن قوش لىنىيىلىك ئالماشتۇرۇش مەسىلىسى كىشىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى . ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى ، بۇ پارتكوم ، ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ دېموكراتىيە ئېڭى ، قانۇن ئېڭى ، چاكارلىق ئېڭىنى ئاشۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ھەم خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنى كادىرلار قوشۇنىنىڭ تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچىنى قوغداش ، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم تەدبىر . بۇ مەسىلە ئىلگىرى مەركەز ۋە بىر قىسىم ئۆلكىلەردىكى ئالاقىدار ھۆججەت ۋە رەھبەرلەرنىڭ سۆزلىرىدە كۆپ قېتىم تەكىتلەندى . ئەمما ، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ تۈزۈم تېخى تولۇق ئىجرا قىلىنمايۋاتىدۇ . كۆپ ساندىكى يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئورگانلىرى يەنىلا ياشانغان كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئورۇن بولۇپ قېلىپ ، كادىرلارنىڭ كىرىشى ئاسان ، چىقىشى تەس بولۇپ قېلىۋاتىدۇ . بىر قىسىم ياشلار خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا كەلگەندىن كېيىن ، خۇددى ئۆلتۈپ كەتكەن بولۇڭغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىشىۋاتىدۇ . ھازىر ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىكى يولداشلار بۇ مەسىلە تىلغا ئېلىنسىلا مەسئۇلىيەتنى ھەدەپ شۇ دەرىجىلىك پارتكومغا ئىتتىرىپ ، پارتكومنىڭ قوش لىنىيىلىك ئالماشتۇرۇش تۈزۈمىگە بولغان تونۇشى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن ، ئۇنىڭغا يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكىدىن ئاغرىنىۋاتىدۇ . كادىرلارنى قوش لىنىيىلىك ئالماشتۇرۇشتا ، سىياسەت بەلگىلەش ھوقۇقى پارتكومدا بولسىمۇ ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭمۇ رولى يوق ئەمەس ، ئۇ ئۆزىنى پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويماستىن ، سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ، پارتكومنىڭ كادىرلارنى قوش لىنىيىلىك ئالماشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇش مەسىلىسىدە تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشى ؛ پارتكومنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرىغا بولغان چۈشەنچىسى يېتەرلىك بولمىغان ياكى ئانچە تولۇق بولمىغان ئەھۋالدا ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن پارتكومغا تونۇشتۇرۇش لازىم ؛ خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرى ئۆزىنى مۇددەت بىر ئورۇندا تۇرۇپ بولغان ئەھۋالدا ، پارتكومغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنكاس قىلىش ھەمدە مەسىلىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ ۋە پىكىرلىرىنى بېرىشى لازىم . شۇنىڭغا ئىشىنىش كېرەككى ، پارتكوم ئومۇمىي ۋەزىيەتكە پايدىلىق تەرەپتە تۇرۇپ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىدۇ ، بىز پەقەت تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىشلەشتە چىڭ تۇرىدىغانلا بولساق ، شۇنىڭدەك خىزمەتنى ئەمەلىي ياخشى ئىشلەيدىغانلا بولساق ، پارتكومنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشەلەيمىز ھەمدە كادىرلارنى قوش لىنىيىلىك ئالماشتۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرەلەيمىز . ئەكسىچە ، تاشقى شارائىتنىڭ پىشىپ يېتىلىشىنى پاسسىپلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرساق ، قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە باشقىلاردىن ئاغرىنساق ، ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالالمايلا قالماستىن ، بەلكى خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزۈۋالىمىز . سۇبيېكتىپ جەھەتتە مەن تىرىشچانلىق كۆرسەتتىممۇ يوق ؟ تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەشۋىق قىلىش ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن قولغا كەلتۈرۈش ، خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرىنى پارتكومغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن تونۇشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ھەقىقىي ئىشلىدىممۇ يوق ؟ دېگەن مەسىلىلەرنى كادىرلارنى قوش لىنىيىلىك ئالماشتۇرۇشنى ھازىرغىچە ئېلىپ بارمىغان جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىكى يولداشلار ئويلاپ باقمامدۇ ؟

(نۇرگۈل كېرەم تەرجىمىسى)



# غەرب پارلامېنت تۈزۈمى بىلەن ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى توغرىسىدا

ئابدۇكېرىم يۈسۈپ

پارلامېنت تۈزۈمى كاپىتالىستىك دۆلەتلەر پارلامېنتنى دۆلەت سىياسى پائالىيىتىنىڭ مەركىزى قىلىدىغان، ھۆكۈمەت پارلامېنت ئالدىدا جاۋابكار بولىدىغان بىر خىل سىياسىي تۈزۈمنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ دۆلەت ئورگىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەنگلىيە فېئوداللىق تەبىقە ۋەكىللەر يىغىنىدىن ئۆزگىرىپ پەيدا بولغان. ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىدىن كېيىن كاپىتالىزم تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، قەدەممۇ قەدەم راۋاجلانغان ۋە مۇكەممەللەشكەن، 18 ـ ئەسىرگە كەلگەندە پارلامېنت تۈزۈمى ياۋروپا، ئامېرىكىدىكى بۇرژۇئا ئىنقىلابى غەلىبە قىلغان ھەر قايسى دۆلەتلەردە يولغا قويۇلغان. ئۇ بۇرژۇئا دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ يادروسى. بۇرژۇئا دېموكراتىيىسىنىڭ ئاساسىي بەلگىلىرىدىن بىرى، بۇرژۇئازىيىنىڭ فېئوداللىق مۇستەبىتلىك تۈزۈمگە قارشى كۈرىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، فېئودال مۇستەبىتلىك تۈزۈمنى يوقىتىش، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى شەكىللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا ئىلغار رول ئوينىغان. ئەمما بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەڭ ئالىي قانۇن تىكلەش ئورگىنى ۋە ئىجتىمائىي مەنپەئەتنى تەڭشەش ماشىنىسى بولغان پارلامېنت تۈزۈمى كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ بىر خىل ئۈستقۇرۇلمىسى بولۇپ، كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي بازىسنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ «خەلق ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان» ئورگان بولماستىن، بەلكى مەيلى ئۆتمۈش ياكى ھازىر بولسۇن بۇرژۇئا ھۆكۈمرانلىقىنى ۋە مەنپەئەتىنى، كاپىتالىستىك تۈزۈمنى قوغداش، مۇستەھكەملەش، كەڭ ئەمگەكچى خەلققە دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈش قورالى بولۇپ كەلدى.

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى ۋە ھاكىمىيەت تەشكىلىي شەكلى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» دا كۆرسىتىلگەندەك جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە بارلىق ھاكىمىيەت خەلققە مەنسۇپ. خەلقنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزىدىغان ئورگان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى. ئۇ خەلق ئۆزلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلاش ئارقىلىق دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنى تەشكىللەپ، دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغان بىر خىل سىياسىي تۈزۈم بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، ئىنقىلابىي بازىلاردىكى ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەجرىبىلىرى شۇنداقلا باشقا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن ئورنىتىلغان، جۇڭگونىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدە قەدەممۇ قەدەم راۋاجلانغان ۋە مۇكەممەللەشكەن، ئۇ خەلق سايلىمىدا پەيدا بولىدۇ. خەلق مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈپ، خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ. شۇڭا ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى بىلەن بۇرژۇئازىيىنىڭ پارلامېنت تۈزۈمى تۈپتىن ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ۋەكىللەر تۈزۈمى بولۇپ، ئۇلار شەكىل جەھەتتە گەرچە بەزى ئوخشاشلىقلارغا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرق بار.

بىرىنچى، ئېلىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى بىلەن غەرب پارلامېنت تۈزۈمىنىڭ پەيدا بولغان

تارىخىي شەرت - شارائىتى ئوخشىمايدۇ. ئېلىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى جۇڭگو خەلقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۇزاق مۇددەتلىك يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىي كۈرەش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىنقىلابىي تايانچ بازىلاردىكى ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ئىلمىي ھالدا يەكۈنلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. 1949 - يىلى دۆلەت قۇرۇلۇش ھارپىسىدا چاقىرىلغان جۇڭگو خەلق سىياسىي كېڭەشى يىغىنى ماقۇللىغان «ئورتاق پروگرامما» دا ئېلىمىز خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلىي شەكلى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى بولۇش بەلگىلەندى. 1954 - يىلى چاقىرىلغان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ماقۇللىغان ئېلىمىزنىڭ تۇنجى ئاساسىي قانۇنىدا خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى بولۇش رەسمىي بەلگىلەندى. غەربنىڭ پارلامېنت تۈزۈمى بولسا بۇرژۇئا ئىنقىلابىي غەلىبىسى ئاستىدا ئەنگلىيە فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى تەبىقە ۋەكىللىرى يىغىنى شەكلىگە ۋارىسلىق قىلىپ ئورنىتىلغان بۇرژۇئا دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلىي شەكلى بولۇپ، كېيىن ئاستا - ئاستا كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىكى بىر خىل ئومۇمىي سىياسىي تۈزۈمگە تەرەققىي قىلغان.

ئىككىنچى، ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى بىلەن غەرب پارلامېنت تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ۋە تارىخىي رولى ئوخشىمايدۇ. ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئىقتىسادىي بازىس ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، باشتىن ئاخىر سوتسىيالىزم تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش رولىنى ئوينايدۇ. غەرب پارلامېنت تۈزۈمى بولسا خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئىقتىسادىي بازىس ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ دەسلەپتە كاپىتالىزم ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتەك ئاكتىپ رول ئوينىغان بولسىمۇ، مونوپول كاپىتالىزم باسقۇچىغا كەلگەندە تارىخ تەرەققىياتىغا ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلىپ، پاسسىپ رول ئوينىماقتا.

ئۈچىنچى، ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى بىلەن غەرب پارلامېنت تۈزۈمى گەۋدىلەندۈرگەن سىنىپىي مەزمۇن ئوخشىمايدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ بىر خىل تەشكىلىي شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئېلىمىز خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەتنىڭ ماھىيىتى بىلەن ئۆز - ئارا ماس كېلىدۇ. ئېلىمىز خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىچكى قىسمىغا دېموكراتىيە، ئاز ساندىكى دۈشمەن كۈچلەرگە دىكتاتۇرا يۈرگۈزىدىغان يېڭى تىپتىكى دۆلەت ھاكىمىيىتى بولۇپ، ئۇ خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ ھەم ئۇنى قوغداش قورالى. غەرب پارلامېنت تۈزۈمى بولسا كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ سىنىپىي ماھىيىتى بىلەن ئۆز ئارا ماس كېلىدۇ. كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بۇرژۇئا دىكتاتۇرىسىدىكى دۆلەت بولۇپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىچكى قىسمىغا دېموكراتىيە، پرولېتارىيات ۋە كەڭ ئەمگەكچى خەلققە دىكتاتۇرا يۈرگۈزىدۇ. ئۇ بۇرژۇئا دىكتاتۇرىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، بۇرژۇئا دىكتاتۇرىسىنى جان تىكىپ قوغدايدىغان قورالغا ئايلاندى.

تۆتىنچى، ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى بىلەن غەرب پارلامېنت تۈزۈمىنى ئورنىتىشنىڭ تەشكىلىي پرىنسىپى ئوخشىمايدۇ. ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ تەشكىلىي پرىنسىپى دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدۇر. بۇ پرىنسىپقا ئاساسلانغاندا دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى سايلامدا بارلىققا كېلىدۇ، خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ، خەلقنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ. باشقا دۆلەت ئورگانلىرى خەلق قۇرۇلتىيىدا بارلىققا كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ھەم نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ پائالىيىتىدە يۈكسەك دەرىجىدىكى دېموكراتىيە بىلەن يۈكسەك دەرىجىدىكى مەركەزلەشتۈرۈشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش يولىغا قويۇلۇپ، ھەم ئىرادە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ھەم مەركەزلەشتۈرۈلگەن رەھبەرلىك ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ

ئاكتىپلىقى ، ئىجادچانلىق روھى قوزغىتىلىپ خەلق
قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى تولۇق جارى قىلـ
دۇرۇلغان. غەرب پارلامېنت تۈزۈمى «ئۈچ ھوقۇقـ
نى ئايرىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن تەشكىللەنـ
گەن. بۇ پرىنسىپقا ئاساسلانغاندا پارلامېنت ،
ھۆكۈمەت ، سوت مەھكىمىسىدىن ئىبارەت ئۈچ تارـ
ماق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت — دۆلەت ھوقۇـ
قىنى بۆلۈشۈپ ئىگىلەپ ، ئۆز ئارا بىر بىرىنى
چەكلەش مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت.

بەشىنچى ، ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى
بىلەن غەرب پارلامېنت تۈزۈمى ئىپادىلىگەن دېموكـ
راتىيىنىڭ ھەقىقىي — ساختىلىق خاراكتېرى ھەم دېـ
موكراتىيىنى يولغا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان
شەرت ـ شارائىت ئوخشىمايدۇ. ئېلىمىز خەلق قۇـ
رۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى ۋە تۈپ ئالاـ
ھىدىلىكى دۆلەتنىڭ بارلىق ھوقۇقى خەلققە مەنـ
سۇپ. خەلق خەلق قۇرۇلتىيى ئارقىلىق دۆلەت ۋە
جەمئىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ، ئىقتىساد ۋە مەـ
دەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىـ
دۇ. ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە ، دۆلەت
پۇقرالىرىنىڭ كەڭ ، ھەقىقىي دېموكراتىك ھوقۇقلىـ
رىنىڭ ئىشقا ئېشىشى ۋە كېڭىيىشىگە كاپالەتلىك
قىلىش ئۈچۈن ، ئاساسىي قانۇندا پۇقرالارنىڭ
ھوقۇقلىرى ، مۇناسىپ سىياسەت ، تەدبىرلەرنى ئېـ
نىق بەلگىلەپ ، پۇقرالارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى
ئىشەنچلىك ماددىي كاپالەت بىلەن تەمىنلىگەن.
غەرب پارلامېنت تۈزۈمىدە گەرچە ئاساسىي قانۇنـ
دا شەكىل جەھەتتە پۇقرالارغا زور ھوقۇق بېرىلـ
گەن بولسىمۇ ، ئەمما يەنە نۇرغۇن قوشۇمچە چەكـ
لىمىلەرنى بەلگىلەش ئارقىلىق پۇقرالارنىڭ دېموكـ
راتىك ھوقۇقلىرى تارتىۋېلىنغان بولۇپ ، پۇقرالار
ھوقۇقى ماددىي كاپالەتكە ئىگە ئەمەس. بۇرژۇـ
ئازىيە يەنە ھەر خىل ساختا شەكىل ۋە ۋاستىلار
ئارقىلىق پرولېتارىيات ۋە ئەمگەكچى خەلقنى ئالـ
دايدۇ. بۇرژۇئازىيە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى
ئىگىلىۋالغانغا ئوخشاش ، پارلامېنتنىمۇ مونوپول
قىلىۋېلىپ ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يولغا قويۇپ ،
كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي بازىسنى قوغدايدۇ.

ئالتىنچى ، ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى
بىلەن غەرب پارلامېنت تۈزۈمىنىڭ تارىخىي تەرەققىـ
يات يۆزلىنىشى ئوخشىمايدۇ. ئېلىمىز خەلق قۇرۇلـ
تىيى تۈزۈمى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان
ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنى ئاساس قىلغان
بولۇپ ، پرولېتارىيات ۋە كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ
مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ پۈتۈن خەلقنىڭ
ۋەكىل سايلىشى ئارقىلىق ئورنىتىلغان يېڭى تىپتـ
كى سىياسىي تۈزۈم بولۇپ ، سىلىشتۇرغىلى بولـ
مايدىغان ئەۋزەللىككە ئىگە بولۇپلا قالماي ، يەنە
غايەت زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە. ئۇ سوتسىيالىسـ
تىك تۈزۈمنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ راـ
ۋاجلىنىپ ، مۇكەممەللىشىپ ۋە ساغلاملىشىپ ئەڭ
ئاخىرىدا كوممۇنىزمغا كىرىدۇ. بۇ تارىخ تەرەققىـ
ياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى بولۇپ ، ھېچقانداق
كۈچ توسۇۋالالمايدۇ. غەرب پارلامېنت تۈزۈمى
بولسا خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنى ئاساس
قىلغان بۇرژۇئازىيىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك
قىلىدىغان ، ۋاقتى ئۆتكەن سىياسىي تۈزۈم بوـ
لۇپ ، بۇرژۇئازىيىنىڭ سىياسىي ئىقتىسادىي ھۆكۈمـ
رانلىقىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ يوقىلىدۇ. بۇ
ئىنسانلار تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر قانۇـ
نىيىتى.

ئۇنىڭدىن باشقا ئېلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى بارـ
لىق دۆلەت ئورگانلىرى سىستېمىسىدا ئەڭ ئالىي
ئورۇندا تۇرىدۇ. باشقا دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ
چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ئۇنىڭ ھوقۇقى بۇرژۇئا
پارلامېنتنىڭ ھوقۇقىدىن تېخىمۇ كەڭ. تۆت ئاساـ
سىي پرىنسىپ ئۇنىڭ سىياسىي ئاساسى ھەمدە
كومپارتىيە ئۇنىڭ رەھبەرلىك يادروسى ، شۇنداقلا
دائىمىي ئورگان تەسىس قىلىنغان بولۇپ ، خەلق
قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە پارلامېنت تۈزۈمىدىن ئىباـ
رەت. بۇ ماھىيىتى تۈپتىن ئوخشاش بولمىغان ئىكـ
كى خىل سىياسىي تۈزۈمگە ئوخشاش بولمىغان سىـ
ياسىي پوزىتسىيىدە مۇئامىلە قىلىش ، ئۇلارنى قاتـ
تىق پەرقلەندۈرۈش لازىم.

(ئاپتور شىنجاڭ داشۆ سىياسىي فاكۇلتېتىدىن)



# جىيا يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتى ئەرزىيەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، مول ئۈنۈم ھاسىل قىلدى

ئەرزىيەت خىزمىتى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىرى خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئەرزىيەت خىزمىتى ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ ھەر خىل پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى، يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ۋە ئاجىز ھالقىلارنى چۈشەنگىلى ۋە ئىنكاس قىلغىلى بولىدۇ.

لوپ ناھىيە جىيا يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتى ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئەرزىيەت خىزمىتىگە دائىر يوليورۇقلىرىنى ئۆز يېزىسىدا ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، قانۇن ئاتا قىلغان خىزمەت ھوقۇقىنى ئوبدان يۈرگۈزۈپ، خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا تىرىشىپ خىزمەت ئىشلەپ مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى ئەرزىيەت خىزمىتىنى كۈندىلىك مۇھىم ئىشلار قاتارىدا تۇتۇشقا ۋە تۈزۈملەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە.

1. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە ئۇنىڭ رولىنى تەشۋىق قىلىشنى چىڭ تۇتتى. ھەر خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى كەڭ تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق كەڭ سايلىغۇچىلار ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاكتىپ قوللىشى ۋە ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئامما ئارىسىدا خ ق ھەيئەت رىياسەتىنىڭ ئىناۋىتى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. كەڭ سايلىغۇچىلار دائىمىي رەئىسنى ئىزدەپ ئەھۋاللارنى ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىدىغان بولدى.

2. ئەرزىيەت خىزمىتىنى مۇقىملىقنى قوغداش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى. خەلق ئاممىسى خەت - چەك ئارقىلىق ياكى ئۆزلىرى كېلىپ ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرنىڭ كۆپىنچىسى دىنىي ئېتىقاد، جېدەل - ماجىرا، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ھەق تەلەپ قاتارلىق مەزمۇنلاردىكى مەسىلىلەر بولۇپ، يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى ئۆز يېزىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، مەۋقەنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مۇقىملىقنى قوغداش ئۈستىگە قويدى. ھەيئەت رىياسەتىنىڭ ئەزالىرى خىزمىتى ئالدىراش ھالەتتىمۇ ھەپتىدە يېرىم كۈن ۋاقىت چىقىرىپ، ئەرزىيەت خىزمىتىگە ئائىت سىياسەت، بەلگىلىمىلەرنى ئۆگەندى. ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلدى.

3. ئاممىدىن كەلگەن خەت - چەكلەرنى مەزمۇنى، تۈرى بويىچە رەتلەپ، بىر قەدەر چوڭ مەسىلىلەرنى يېزىلىق پارتكوم ۋە ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا دوكلات قىلىپ تۇردى. ئالدىنقى يىللاردا قالايمىقان جەرىمانە ئېلىش، ھەق ئېلىش، سېلىق سېلىش، كادىرلار ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىشتەك ئەھۋاللاردىن 23 قېتىم ئەرز قوبۇل قىلىپ ئالاقىدار تارماقلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. نۇقتىلىق مەسىلىلەرنىڭ ۋاقتىدا بېجىرىلىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ھەر بىر ئىشنىڭ نەتىجىسى بولۇش ۋە بېجىرىلىش ئەھۋالىدىن جاۋاب بېرىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

4. ئەرزىيەت خىزمىتىنى ۋەزىيەت تەرەققىيات-

نىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى. يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى ئەرزىيەت خىزمىتىنى پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، مۇددەتتىن بۇرۇن تەتقىق قىلىش، دوكلات قىلىش ۋە بېجىرىشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئالاھىدە مەسىلىلەرنى ھۆكۈمەت بىلەن بىرلىكتە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش پىكرىنى پارتكومنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويدى.

5. زۆرۈر قائىدە - تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەرزىيەت خىزمىتىنى تۈزۈملەشتۈرۈش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش ئىزىغا سالدى. يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى «ۋەكىللەر ۋە ئاممىدىن كەلگەن ئەرز خەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى كۈتۈش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى» نى تۈزۈپ چىقىپ، ئەرزىيەت خىزمىتىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى. بۇنىڭ بىلەن بۇ يېزىدا دەرىجە ھالقىپ ھال ئېيتىدىغانلار، قايتا - قايتا ئەرز قىلىدىغانلارنىڭ سانى يىلمۇ يىل ئازايدى.

نۆۋەتتە، جىيا يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى ئەرزىيەت ئۇچۇر يوللىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، ئاممىدىن كەلگەن ئەرز خەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى كۈتۈۋېلىش خىزمىتىنى جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈشى ئۈچۈن ياخشى مۇلازىمەت قىلماقتا.

(ئابلىمىت رەخىم)

## شايار ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مەدەنىيەت بازارلىرىنى تەكشۈردى

ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى بىر قىسىم خادىملار ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت ئىشخانىسى، مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت، سەھىيە كومىتېتى. پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ج خ ئىدارىسى، سودا سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، مەدەنىيەت ئىدارىسى ۋە رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى ھەم خادىملاردىن تەشكىللەنگەن 3 تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ناھىيە بويىچە 7 يېزا، بىر بازارنىڭ مەدەنىيەت كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى، سىنئالغۇ قويۇش ئورنى، كىتاب - ژۇرنال پارچە سېتىش ئورنى؛ چايخانىلاردىكى سىنئالغۇ قويۇش ئورۇنلىرى ۋە يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ مېھمانخانىسى قاتارلىق سورۇنلاردا 6 كۈن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان شەھۋانىي ئۈن - سىن بۇيۇملىرى ھەم كىتاب - ژۇرناللارنى مۇسادىرە قىلىپ ۋە ئۇلارنىڭ ئىگىلىرىنى جازالاپ، ئىپپەت - نومۇسنى سېتىش، قىمار ئويناش قاتارلىق جەمئىيەت مۇقىملىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان 6 زىياندashقا زەربە بەردى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە 34 ئائىلىدىكى سىنئالغۇ قويۇش ئورنى، 414 قاپ سىنئالغۇ فىلىمى، 9 ئائىلىدىكى يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ ئۈنئالغۇ لېنتىسى، پارچە سېتىش ئورنىدىكى 2344 قاپ ئۈنئالغۇ لېنتىسى بىر يۈرۈش دىنىي تەشۋىقات ئۈنئالغۇ لېنتىسى تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىندى. 2 نەپەر يەككە تىجارەتچىنىڭ مېھمانخانىسى

تەكشۈرۈلۈپ، قىمار ئويناشقا قاتناشقان 41 ئادەم قولغا چۈشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت كادىرلىرى، ئىشچى خىزمەتچىلەر، دېھقانلار ۋە جەمئىيەتتىكى كىشىلەر بار. 5 تاختا ماجاڭ، 4000 يۈەندىن ئارتۇق قىمار پۇلى مۇسادىرە قىلىندى، قىمارغا قاتناشقانلارغا ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە 20 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا 3 ئائىلىدىكى يەككە تىجارەتچىلەر ئاچقان مېھمانخانا بىرلا ۋاقىتتا تەكشۈرۈلۈپ، پاھىشە ئويناۋاتقان ئىككى جۈپ ئەر - ئايال تۇتۇلۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ئارقىلىق بىر قىسىم ئىجتىمائىي رەزىل ھادىسىلەرگە زەربە بېرىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈچەيتىلىپ، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت تۈزمۇشى ساغلاملاشتۇرۇلۇپ، جەمئىيەت تەرتىپى ياخشىلاندى.

(نۇردۇن سوپۇر)

## تۇرپان شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مەدەنىيەت بازارلىرى ئەھۋالىنى تەكشۈردى

تۇرپان شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇدىرلار يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن مۇئاۋىن مۇدىر گاۋشاۋلىنىڭ باشچىلىقىدا شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت - سەھىيە كومىتېتىدىكى يولداشلار، قىسمەن خەلق ۋەكىللىرى، ج خ ئىدارىسى، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، مەدەنىيەت ئىدارىسى ۋە سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تۇرپان شەھىرى، داخېيەن بازىرى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى بىر قىسىم دۆلەت ۋە يەككە ئىگىلىكتىكى باسما زاۋۇتلارنى، كۆپەيتىپ بېسىش ئورۇنلىرىنى، يەككە كىتاب يايمىچىلىرىنى، يەككە ئۈن - سىن لېنتىلىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى ۋە بىر قىسىم سىن قويۇش زاللىرىنى تەكشۈردى.

ئىككى كۈنلۈك ئارىلاپ تەكشۈرۈش جەريانىدا 301 پارچە قانۇنسىز دىنىي كىتاب، 34 قاپ ئۈن ئالغۇ لېنتىسى، 26 قاپ سىن قويۇش لېنتىسى مۇسادىرە قىلىندى. تەكشۈرۈشتىن كېيىن مۇئاۋىن مۇدىر گاۋشاۋلىن سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىيەت بازىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولماسلىقتەك بوشلۇق تولدۇرۇلدى. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئالدى بىلەن بۇ «نىزام» نى كەڭ تەشۋىق قىلىشنى چىڭ تۇتۇشى لازىم. ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورۇنلار مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن زىچ ماسلىشىپ، مەدەنىيەت بازارلىرىنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، شەھىرىمىزگە قاراشلىق مەدەنىيەت بازارلىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

(بارى مەمەت)



# تۆمۈر يول ساھەسىدە ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە سەپلەش توغرىسىدا

ئىسرائىل تۇردى

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، قاتناش - ترانسپورت، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، ئىقتىساد، سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئالاھىدە مۇھىم رول ئويناماق-تا. تۆمۈريول قۇرۇلۇشىنىڭ ئەڭ غوللۇق قاتناش قورالى بولۇپ، ئۇنىڭ رولى تېخىمۇ زور بولماقتا. 1959 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى قومۇلغا تۇنجى پويىز قاتنىغان كۈندىن باشلاپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۆمۈريول تەرەققىياتىدا يېڭى بىر دەۋر باشلاندى. 1990 - يىلى شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولى قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ قازاقىستان تۆمۈريولى بىلەن تۇتاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ياۋروپا قىتئەسى بىلەن ئاسىيا قىتئەسىنى تۇتاشتۇرىدىغان 10 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق ئۇزۇن مۇساپىدە پويىز قاتناپ، تارىختىكى يىپەك يولىنى تېخىمۇ يېڭى تۈسكە كىرگۈزدى. بۇ ھال شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك بېكىنمە ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، سانائەت يېزا ئىگىلىك، ئىقتىساد، سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەھەتلەردە شىنجاڭنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىشىگە كەڭ يول ئاچتى.

دۆلىتىمىز زېمىنى كەڭ، كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ، جايلار ئارا رايون ئالاھىدىلىكى ۋە مىللەتلەر تىل - يېزىق ئالاھىدىلىكى مەۋجۇت.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ھەممىلا ئادەم تۆمۈريول ساھەسىدە ئورتاق قوللىنىلىدىغان دۆلەت تىل - يېزىقى (خەنزۇچە) نى بىلىپ كەتكىنى يوق. شۇ سەۋەبلىك يولۇچىلار پويىزغا خاتا ئولتۇرۇپ قېلىپ، پويىز يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن دەرىزىدىن سەكرەپ ھاياتىغا خەۋپ يېتىشكەن، پويىز بېلىتىدە قوللىنىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى بولمىغاچقا، پويىزدا باشقىلارنىڭ ئورنىغا خاتا ئولتۇرۇپ قېلىش سەۋەبلىك جېدەل - ماجىرا كېلىپ چىقىدىغان، پويىز ئاشخانىسىدا مىللىي ئاشپەزلەر كەم ياكى پەقەتلا بولمىغانلىقتىن مۇسۇلمانچە تاماق يەيدىغان يولۇچىلار 3 - 4 كۈنلۈك سەپەر داۋامىدا قۇرۇق نان بىلەن قايناقسۇغا تايىنىپ يول ئازابىنى تارتىدىغان ئەھۋاللار دائىم دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، پويىز بىلەن مال يۆتكەيدىغان ئاز سانلىق مىللەت تىجارەتچىلىرى ئالاقىدار تالون، ھۆججەتلەرنى ئوقۇيالماي ياكى يازالماي، بىر تەرەپتىن ئۆزلىرى قىينالسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىش بېجىرگۈچى تۆمۈريول خادىملىرىنىڭ ئىش ئۈنۈمىگىمۇ دەخلى يېتىدىغان، پويىزغا ئېلىپ چىقىدىغان يۈك - تاقلارنىڭ ئاز - كۆپلۈك ۋە ئېغىرلىق ئۆلچىمىنى ھەتتا پويىزغا ئېلىپ چىقىش چەكلەنگەن بۇيۇملارنى خەتەرلىك دەرىجىسىنى بىلەلمەي، بىمۇدە ئاۋارىچىلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدىغان

ئەھۋاللارمۇ سادىر بولۇپ تۇرىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۆمۈريول قاتنىشىنىڭ ھازىرقى ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، تۆمۈريولنىڭ ئەۋزەللىكىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنىڭ تۆمۈريول قۇرۇلۇشىغا ھەسسە قوشۇپ ۋە ئۇنى ئاسراپ، تۆمۈريول كەسپىنى ئىگىلەپ، تۆمۈريول قاتناش - ترانسپورتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى دەۋرنىڭ تەقەززاسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئادا قىلىش تولىمۇ يېتەرسىز بولۇپ كەلدى. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاتونوم رايونىمىزنىڭ تۆمۈريول ساھەسىدە ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي خادىملىرىنىڭ كەمچىل بولغانلىقىدا. دۆلەت بۇ ئەھۋالنى ئالدىن كۆرۈپ يېتىپ 1956 - يىلىلا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز، تاتار، خۇيزۇ، شىۋە قاتارلىق مىللەت ياشلىرىدىن دەسلەپكى قەدەمدە 148 نەپەر ئوغۇل - قىز ياشلارنى تۆمۈريول كەسپىي مەكتىپىگە قوبۇل قىلىپ تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ئىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، شۇ يىلى تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى مەكتەپكە ئالاھىدە كېلىپ تۆمۈريول سىستېمىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا تۆمۈر يولنىڭ ئەھمىيىتى، كەلگۈسى تەرەققىياتى توغرىسىدا كۆپ چۈشەنچە بەرگەندىن كېيىن «تىرىشىپ ياخشى ئۆگىنىڭلار، سىلەر شىنجاڭنىڭ تۆمۈريول قۇرۇلۇشىدا (كۆۋرۈك) لۈك رول ئوينايدىغان تۇنجى ئەۋلاد تۆمۈر يول خادىملىرى بولىسىلەر. غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتوتى ھازىردىن باشلاپ 1970 - يىلغىچە 10 مىڭ نەپەر ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدۇ» دېگەن ئىدى. 1957 -، 1958 - يىللاردا مىللەتلەر ئىنستىتوتىغا ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىدىن ھەر يىلى ئۇدا بىر قانچىسىنى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ تۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا بېيجىڭ تۆمۈريول كادىرلار مەكتىپى، ئۈرۈمچى تۆمۈريول تېخنىكومى قاتارلىق مەكتەپلەرگىمۇ ھەر يىلى نەچچە يۈزلەپ ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى قوبۇل قىلىنىپ، تۈركۈم - تۈركۈم يېتىشتۈرۈلۈشكە باشلىغان ئىدى. لېكىن، 60 - يىللاردىكى ئېغىر ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي قىيىنچىلىقلار تۈپەيلىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى ۋاقتىنچە توختاپ قالدى. شۇ سەۋەبلىك تۆمۈريول دائىرىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك قىسقارتىش بولۇپ، شۇ قاتاردا ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىمۇ خېلى كۆپ ساندا قىسقارتىلدى. ھەتتا ئۈرۈمچى تۆمۈر يول تېخنىكومىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ خېلى كۆپ قىسمى قايتۇرۇلدى. ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى كەسپىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ كەلگەن كەسپىي خادىملارنىڭ بىر قىسمى ئائىلىسىگە قايتىپ كەتتى، بىر قىسمى كەسىپ ئالماشتۇرۇپ يۆتكىلىپ كەتتى، يەنە بىر قىسمى چەت ئەلگە چىقىپ كەتتى، تۆمۈريول ساھەسىدە تۇرۇپ قالغان ناھايىتى ئاز بىر قىسمى 30 نەچچە يىل ئىشلەپ، ئەمدى پېنسىيىگە چىقىشقا باشلىدى. 70 - يىللاردىن كېيىن تۆمۈريول مەكتەپلىرىگە ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىدىن يەنە بىر قىسىم ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، سانى ئىنتايىن ئاز بولغانلىقى ئۈستىگە ئۇلارنىڭ بىر قىسمى كەسىپ ئالماشتۇرۇپ تۆمۈريول ساھەسىدىن يۆتكىلىپ كەتتى. نەتىجىدە تۆمۈر يول ساھەسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرى ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل بولۇش ھادىسىسى كېلىپ چىقتى. شۇڭا، بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش تۆمۈر يول قاتناش - ترانسپورتىنىڭ ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدىكى ئىجابىي رولىنى تېخىمۇ ئەتراپلىق جارى قىلدۇرۇشتا تولىمۇ ئەھمىيەتلىك مۇھىم ئىش. ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە 1694 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تۆمۈر يولدا پويىز قاتنىماقتا، يات ئارىدا جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى باشلانماقچى، دېمەك ئانچە ئۇزۇنغا قالماي شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرى تۆمۈر يول ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ جانجان مەنپەئەتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ زور مۆجىزە تۆمۈر يول بىلەن تېخىمۇ تونۇشۇشى، تۆمۈريولنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ چۈشىنىشى ۋە بۇ ساھەنىڭ كەسپىنى ئىگىلەپ بېرىلىپ مۇلازىمەت قىلىشى يەنىلا دەۋرنىڭ تەقەززاسى بولۇۋاتىدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىشنىڭ مۇھىم ئاچقۇچى ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرىنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە سەپلەشتىن ئىبارەت.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دا «يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئۆز جايىدىكى مىللەتلەردىن ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى، تۈرلۈك كەسپىي خادىملارنى ۋە تېخنىك ئىشچىلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشىگە ياردەم بېرىدۇ؛ ....» (64 - ماددا)، «دۆ-

لەت مەخسۇس ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىدىغان مىللەتلەر شۆيۈەنىنى ئاچىدۇ. ئالىي مەكتەپلەردە مىللىي سىنىپ ۋە مىللىي تەييارلىق سىنىپلىرىنى ئاچىدۇ ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنى نىشانلىق قوبۇل قىلىش، نىشانلىق تەقسىم قىلىش چارىسىنى قوللانسا بولىدۇ. ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملار يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا، ئىمتىھان بەرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئۆلچىمى ۋە شەرتلىرىنى مۇۋاپىق تۈردە كەڭ قىلىدۇ» (65 ـ ماددا) دەپ كۆرسىتىلگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تۆمۈريول كەسپىي مەكتەپلىرىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى ئاز بولغانلىقى ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ خەنزۇچە تىل ـ يېزىقنى بىلىشى ئالدىنقى شەرت قىلىنغان. تۆمۈريول ساھەسىدە بارلىق ئىشلارنىڭ خەنزۇچە تىل ـ يېزىق بىلەن بولىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا يۇقىرىقى شەرتنى قويۇش مەلۇم مەنىدىن توغرا دېيىشكە بولىدۇ، لېكىن ئۇنى مۇتلەقلەشتۈرۈش مۇۋاپىق ئەمەس. گېزى كەلگەندە شۇنىمۇ دەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بەزى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى خەنزۇچە تىل ـ يېزىقتا مۇكەممەل بولسىمۇ، ئۆز ئانا تىلىنى راۋان سۆزلىيەلمىگەنلىكتىن رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمايۋاتىدۇ. ئۆز تىلىدا ئوقۇغانلار بولسا تۆمۈريول ساھەسىگە ئۆتكەندىن كېيىن، تىل ـ يېزىق ھەم كەسىپ ئۆگىنىپ ئىككى خىل تىل ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى ياخشى رول ئويناپ كەلمەكتە. تۆمۈريول كەسپىگە تۇنجى قېتىم قوبۇل قىلىنغان 1 ـ قارار (1956 ـ يىلى)، 2 ـ قارار (1957 ـ يىلى) ۋە 3 ـ قارار (1958 ـ يىلى) ئوقۇغۇچىلىرىمۇ مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىشتىن ئاۋۋال خەنزۇچە بىر ئېغىز سۆز ياكى ھەرپنىمۇ بىلمەيدىغان ئوقۇغۇچىلار ئىدى. كەسپىي جەھەتتە ھازىر پويىز شوپۇرى، تۆمۈريول لىنىيە قۇرۇلۇش ئىنژېنېرى قاتارلىق كەسپىي خادىملار، مەمۇرىي جەھەتتە، باشقارما باشلىقى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار يېتىشىپ، ھەر ساھەلەر بويىچە كۆرۈنەرلىك رول ئويناپ كەلمەكتە. بۇلارنىڭ ئىچىدە جەمئىيەتكە خېلى تونۇشلۇق بولغان تۇنجى ئەۋلاد پويىز شوپۇرى بەردى ھەسەن ئەنە شۇ بىر ئېغىزمۇ خەنزۇچە سۆز ۋە خەت بىلمەيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرسى ئىدى.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ 23 ـ ماددىسىدا: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلار ئادەم ئېلىشتا ئالدى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتتىن ئېلىشى لازىم. يېزىلاردىكى ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسىدىن ئالسا بولىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن. 1970 ـ يىلى ۋە 1976 ـ يىللىرى يېزىلاردىن بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت ئىشچىلىرى قوبۇل قىلىنىپ، ئۇلار قۇرۇلۇش ئىشچىسى، ھاممال ۋە مۇلازىمەت ئورۇنلىرىغا كۈتكۈچى بولۇش قاتارلىق خىزمەتلەرگە تەقسىم قىلىنغان ئىدى. ئۇلار خەنزۇچە تىل ـ يېزىق بىلمىسىمۇ، ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا، ئاۋۋال خەنزۇچە تىل ۋە يېزىق ئۆگەنگەندىن كېيىن قىزىققان كەسپلەرنى ئۆگىنىپ، پويىز رېمونت قىلىش تېخنىكى، ئاپتوموبىل شوپۇرى، تېپلوۋوز شوپۇرى، پويىز باشلىقى قاتارلىق كەسپىي خىزمەتلەرنى نۇقسانسىز ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇلاردىن بەزىلىرى تۆمۈريول ساھەسىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە دۆلەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان باھالاشتا «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» بولۇپ باھالىنىپ، «خەلق گېزىتى» دە ئالاھىدە تونۇشتۇرۇلدى. مەمۇرىي جەھەتتە ئۈرۈمچى پاراۋۇز ئۇچاستكىسىدا تېپلوۋوز ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ كەسپىي يېتەكچىلىك خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان مۆمىن، ئۈرۈمچى شۆبە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سۇلتان قاتارلىقلار خەنزۇچە تىل ـ يېزىق بىلمەيدىغان ئاز سانلىق مىللەت ئىشچىلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىقىپ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەۋاتىدۇ. تۆمۈريول ساھەسىدە خىزمەت ئىشلەشتە يېزىق مەسىلىسى خىزمەتكە توسالغۇ بولىدىغان ئېغىر مەسىلە ئەمەس. بۇ مەسىلە بۇندىن 40 يىل ئىلگىرى، تېخى شىنجاڭدا تۆمۈريول قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىشتىن نەچچە يىل ئاۋۋال ياخشى ھەل قىلىنغان ئىكەن، بۈگۈنكى كۈندە بۇنى ھەل قىلىش تېخىمۇ ئاسان بولۇپ، پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئېلىمىزدە دەۋر بۆلگۈچ بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىنىپ، مىللىي مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، ھۈنەر ـ سەنئەت قاتارلىق جەھەتلەردە زور ئۇتۇقلار قولغا كەلتۈرۈلۈپ خېلى يۈكسىلىش بولۇۋاتىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ شارائىتىمىز ياخشى، يولىمىز ئوچۇق، سىياسەت مۇقىم، جەمئىيەت تىنچ، مىللەتلەر ئىتتىپاق.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۆ-

مۇرىيول قۇرۇلۇشىنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات سۈرئىتى ۋە يېقىن كەلگۈسىدىكى كېڭىيىش دائىرىسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، شۇ ساھەدىكى خىزمەتلەرنى ئۆتۈقلۇق ئىشلەشتە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن خېلى كۆپ ساندىكى خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ قالدى. شۇڭا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىدىن تۆمۈريول خادىملىرىنى تەربىيىلەيدىغان مەخسۇس مەكتەپ ياكى ھېچ بولمىغاندا ھەر يىلى بىر نەچچە سىنىپ ئېچىپ، كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش لازىم. «ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ 22 - ماددا بىرىنچى تارمىقىدا «ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجى بويىچە، تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، شۇ جايدىكى مىللەتلەردىن ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى، پەن - تېخنىكا خادىملىرى، ئىگىلىك باشقۇرۇش خادىملىرى قاتارلىق تۈرلۈك كەسپىي خادىملارنى، تېخنىك ئىشچىلارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ، ھەمدە ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىدىن ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى ۋە تۈرلۈك كەسپىي تېخنىك خادىملارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن. روشەنكى، پارتىيە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ھەر ساھە، ھەر كەسپ خادىملىرى ۋە ئىقتىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش توغرۇلۇق ئەنە شۇنداق ئالدىن ئالا، ئېنىق، پۇختا ۋە تەپسىلىي بەلگىلىمىلەر بەلگىلەنگەن. تۆمۈريول قۇرۇلۇشى ۋە ساھەسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يەنىلا تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان يېڭى مۆجىزە. شۇڭا، بۇ ساھەدە ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرى كەمچىل ئىكەن، نىشانلىق تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە ۋە جىددىي ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىللە، مۇشۇ ساھەدە خىزمەت قىلىۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي ۋە مەمۇرىي خادىملىرىنى يېنىكلىك بىلەن باشقا ئورۇنلارغا ئالماشتۇرماسلىق كېرەك.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يەنە خېلى كۆپ ساندىكى ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرى تۆمۈريول سىستېمىسىدىن يەرلىك ئورۇنلارغا ئالمىشىپ كەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تىپلىق ھەيدەيدىغان ئوغۇل - قىز شوپۇرلار، تۆمۈريول ئالىي تېخنىكومىنى پۈتتۈرۈپ كېلىپ خېلى ئۇزۇن يىل ئىشلەپ كەسپكە پىشقان ئىقتىدارلىق زىيالىيلار ۋە يازغۇچىلارمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆمۈريول خادىملىرىنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئۆز كەسپى بويىچە ئەمەس، بەلكى باشقا كەسپلەرگە ئورۇنلاشتۇرىدىغان ھادىسىلەرمۇ پەيدا بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا شۇ كەسپكە قىزىقىدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن تاللانماي، ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن كەسپكە قىزىقمايدىغانلارنى قوبۇل قىلىشتەك ناچار كەيپىياتلارمۇ ئۇچۇپ قېلىۋاتىدۇ. مۇنداق ئوقۇغۇچىلار مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان تەقدىردىمۇ ئىرىشىپ ئۆگەنمەيدۇ. خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن ياخشى ئىشلىمەيدۇ ياكى ئىشلىيەلمەيدۇ. شۇڭا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۆمۈريول تەرەققىياتىدا ساقلىنىۋاتقان يۇقىرىقى بىر قاتار مەسىلىلەرگە يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى يۈكسەك ئېتىۋار بىلەن قارىشى ۋە كۈچلۈك، ئەمەلىي، كونكرېت تەدبىرلەرنى قوللىنىشى لازىم. بۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد ۋە سودا تەرەققىياتى، سىياسىي مۇقىملىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشتە زور ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ، ئەلبەتتە.

(ئاپتور ئۈرۈمچى تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن)



# دۆلەتنىڭ تۆلەم تۆلەپ بېرىشىنىڭ تەرتىپلىرى توغرىسىدا

توختىروزى مەتنۇرى

دۆلەت تۆلەم قانۇنىدا مەمۇريي ئورگان ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى، تەھقىقلەش، تەپتىش قىلىش، سوت قىلىش، تۈرمە باشقۇرۇش خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان ئورگانلار ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى ۋەزىپە ئۆتەشتە كىشىلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا دەخلى تەرۇز قىلسا ياكى ھوقۇق يۈرگۈزۈش جەريانىدا كىشىلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا دەخلى تەرۇز قىلىدىغان قىلمىشلارنى سادىر قىلسا تۆلەم تۆلەپ بېرىش بەلگىلەنگەن. ئۇنداقتا تۆلەم خىراجىتىنى قانداق تۆلەيدۇ؟ دۆلەتنىڭ تۆلىمى تۆلەم پۇلى بېرىشنى ئاساسىي شەكىل قىلىپ بېرىلىدۇ. تۆلىنىدىغان تۆلەم پۇلىنى ھېسابلاش ئۆلچىمى «دۆلەت تۆلەم قانۇنى» نىڭ 26 ـ ماددا، 27 ـ ماددا ۋە 28 ـ ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ھېسابلاپ ئىجرا قىلىنىدۇ. تۆلەم مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ئورگان مۈلۈكنى قايتۇرۇش ياكى ئەسلى ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق دۆلەتنىڭ تۆلىمىنى تۆلىيەلىسە، مۈلۈكنى قايتۇرۇش ياكى ئەسلى ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىشى كېرەك. دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇنغا خىلاپ ھالدا يۈرگۈزۈپ، پۇقرالار، قانۇني ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارغا جېرىمانە قويۇپ، پۇل تۆلىتىۋېلىپ، مال ـ مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىپ ياكى دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ مال ـ مۈلۈكنى سېتىۋېلىپ، سىياق چېچىپ زىيان يەتكۈزگەن بولسا، قايتۇرۇشقا تېگىشلىك مال ـ مۈلۈكلەر تۆۋەندىكى بويىچە قايتۇرۇلىدۇ: (1) مال ـ مۈلۈك مالىيەگە تاپشۇرۇلمىغان بولسا، تۆلەم مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ئورگان قايتۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ. (2) مال ـ مۈلۈك مالىيەگە تاپشۇرۇلغان بولسا، تۆلەم مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ئورگان تەڭ دەرىجىلىك مالىيە ئورگىنىغا قايتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. دۆلەتنىڭ تۆلەم خىراجىتىنى تۆلەم مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ئورگان ئالدى بىلەن ئۆز ئورنىنىڭ خام چوت خىراجىتى ۋە ئۆز ئورنىنىڭ ئىشلىتىش ئۈچۈن قالدۇرۇلغان مەبلىغىدىن تۆلەيدۇ. تۆلىگەندىن كېيىن، شۇ دەرىجىلىك مالىيەگە ئاجرىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. تۆلەم مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ئورگان دۆلەتنىڭ تۆلەم خىراجىتىنى ئاجرىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا ياكى مالىيەگە تاپشۇرۇۋېتىلگەن مۈلۈكنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئىلتىماس قىلسا، كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن تۆۋەندىكى مۇناسىپ ئالاقىدار ھۆججەتنى ياكى ھۆججەتنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسىنى تاپشۇرۇشى كېرەك: (1) تۆلەم بېرىشنى ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ تۆلەم بېرىشنى تەلەپ قىلىش ئىلتىماسى؛ (2) تۆلەم مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ئورگاننىڭ تۆلەم بېرىش قارارى؛ (3) قايتا قاراپ چىققۇچى ئورگاننىڭ قايتا قاراپ چىقىش قارارى؛ (4) خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمى، كېسىمى ياكى تۆلەم بېرىش قارارى؛ (5) تۆلەم مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ئورگاننىڭ غەرەزلىك ھالدا ئىش قىلغان ياكى زور سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن جاۋابكارلاردىن قانۇن بويىچە تۆلەم تۆلىتىۋېلىش پىكرى ياكى قارارى؛ (6) مۈلۈكنىڭ مالىيەگە تاپشۇرۇۋېتىلگەنلىكىگە دائىر ئىسپاتلار؛ (7) مالىيە

ئورگىنى تەلەپ قىلغان باشقا ھۆججەتلەر ياكى ھۆججەتلەرنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسى.

مالىيە ئورگىنى تۆلەم مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ئورگاننىڭ ئىلتىماسىنى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئەھۋالنى پەرقلەندۈرۈپ تۆۋەندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ: (1) مال ـ مۈلۈك مالىيىگە تاپشۇرۇۋېتىلگەن بولسا، قانۇن بويىچە تۆلەم بېرىشنى ئىلتىماس قىلغۇچىغا قايتۇرۇپ بېرىشكە توغرا كەلسە، ۋاقتىدا قايتۇرۇش كېرەك؛ (2) ئاجرىتىپ بېرىش ئىلتىماس قىلىنىپ، قانۇن بويىچە بېرىلگەن دۆلەتنىڭ تۆلەم خىراجىتىنى ۋاقتىدا ئاجرىتىپ بېرىش كېرەك. مالىيە ئورگىنى مەمۇرى تۆلەم مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ئورگاننىڭ ئىلتىماسىنى تەكشۈرگەندە، بۇ تۆلەم مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ئورگاننىڭ غەرەزلىك ھالدا ئىش قىلغانلىقى ياكى زور سەۋەنلىكنى ئۆتكۈزگەنلىكى تۈپەيلىدىن دۆلەتنىڭ زىيانىنى تۆلىشىگە سەۋەبچى بولغانلىقى ياكى «دۆلەتنىڭ تۆلەم قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىنىڭ دائىرىسى ۋە ئۆلچىمىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى بايقىسا، شۇ دەرىجىلىك ھۆكۈمەتتىن بۇ تۆلەم مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ئورگاننىڭ دۆلەت تۆلەم خىراجىتىنىڭ بىر قىسمىنى ياكى بارلىق دۆلەت خىراجىتىنى ئۈستىگە ئېلىشقا بۇيرۇشقا ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. تۆلەم مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ئورگان تۆلەم بېرىشنى ئىلتىماس قىلغۇچىغا دۆلەت تۆلەم خىراجىتىنى بەرگەن ياكى مال ـ مۈلۈكنى قايتۇرغاندا، تۆلەم بېرىشنى ئىلتىماس قىلغۇچى ھۆججەت بېرىشى ياكى باشقا دوكۇمېنتلارنى بېرىشى كېرەك.

تۆلەم مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ئورگان ھۆججەت ۋە باشقا دوكۇمېنتلارنىڭ قوشۇمچە نۇسخىلىرىنى شۇ دەرىجىلىك مالىيە ئورگىنىغا ئەنگە ئالدۇرۇش كېرەك. تۆلەم مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىلتىماس قىلغۇچىغا تۆلەم تۆلەپ بەرگەن ئورگان زىياننى تۆلەپ بەرگەندىن كېيىن، «دۆلەتنىڭ تۆلەم قانۇنى» نىڭ 14 ـ ماددىسى ۋە 24 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، جاۋابكارلاردىن دۆلەت تۆلەم خىراجىتىنىڭ بىر قىسمىنى ياكى ھەممىسىنى تۆلىتىۋېلىشى كېرەك. دۆلەت ئورگانلىرىدا تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرى كۆرۈلسە، مالىيە ئورگىنى ئىگىلىۋېلىنغان دۆلەت تۆلەم خىراجىتىنى قانۇن بويىچە قايتۇرۇۋالىدۇ؛ (1) دۆلەت تۆلەم خىراجىتى يالغان مەلۇم قىلىنغان، باشقىلارنىڭ نامىدا ئېلىۋېلىنغان، ئالداپ ئېلىۋېلىنغان بولسا؛ (2) دۆلەت تۆلەم خىراجىتى باشقا ئىشلارغا يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن بولسا؛ (3) دۆلەت تۆلەم خىراجىتى بەلگىلىمە بويىچە قايتۇرۇۋېلىنمىغان بولسا؛ (4) دۆلەت تۆلەم خىراجىتى «دۆلەتنىڭ تۆلەم قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا بېرىلگەن بولسا.

(ئاپتور خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىدىن)

كىچىككىنە قانۇنسىزلىق، سوۋېت تەرتىپلىرىگە كىچىككىنە بولسىمۇ رىئايە قىلماسلىق، شۇنداق يوچۇقكى ئۇنىڭدىن ئەمگەكچىلەرنىڭ دۈشمەنلىرى پايدىلىنىپ كېتىدۇ.

— ۋ. ئى. لېنىن

سوتسىيالىستىك قانۇن، ئىنتىزام، تەرتىپ، تۇرمۇش نورمىلىرىغا ئىتائەت قىلىشنى بىل. دۇنيادىكى ئەڭ ئىنسانپەرۋەر قانۇنلارغا ئىتائەت قىلىشنى بىلىش ئەركىنلىكنىڭ ئالىي ئىپادىسىدۇر.

— ۋ. ئا. سۇخوملىنسكى

# يېرىم كېچىدىكى غەلىتە مېھمان

خاۋ دۇگخۇي

سەھەر ، تېلېفوننىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازى مېنى قاتتىق ئۇيقۇدىن ئويغىتىۋەتتى. ئەنزە بىر تەرەپ قىلىش ئىشى بىلەن ئىككى كېچە ـ كۈندۈز كۆز يۇممىغانىدىم ، يەنە كېلىپ ئەتىگەن سائەت 3 دىن ئۆتكەندە ئۇخلىغانىدىم. مەن دىجۈرنى ئىشخانىسىدىكى تېلېفوننى قولۇمغا ئالدىم ـ دە ، «كىمنى ئىزدەيسىز؟» دەپ سورىدىم.

«دۆلەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىمۇ؟» قارشى تەرەپ جىددىي تەلەپپۇزدا سورىدى ، ئۇ مېنىڭ جاۋاب بېرىشىمنى كۈتمەيلا: «مەن ئاۋسەي مېھمانخانىسى قوغداش بۆلۈمى ، تۆنۈگۈن يېرىم كېچىدە 203 ـ ياتاققا بىرەيلەن كىرىپ يېتىپتۇ ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمىدىم ، غەلىتە ئىش ، سىلەر كېلىپ قاراپ باققان بولساڭلار» دېدى.

ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش ، مەن بىردىنلا سەگەكلىشىپ ، ھارغىنلىقىم نەلەگىدۇر يوقالدى. بىز سوراق قىلىۋاتقان جىنايەتچىمۇ ئەسلىدە 203 ـ ياتاقتا تۇرغان ئىدى. ئۇ جاسۇسلۇق جىنايى ھەرىكەت ئېلىپ بارغانلىقتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن قانۇن بويىچە قولغا ئېلىنغانىدى. 203 ـ ياتاق بوش قالغان بولسىمۇ لېكىن قايتۇرۇلمىغان ئىدى ، چۈنكى ياتاقتا جىنايەتچىنىڭ چامادان ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرى بار بولۇپ ، ئەنزە بېجىرىلىپ بولغاندىن كېيىن بۇ نەرسىلەر بىر تەرەپ قىلىنماقچى ئىدى ، بۇ ياتاق مېھمانخانا قوغداش خادىملىرىنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشىغا ۋاقىتلىق ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنىدى. مەن ئەنزە بېجىرگۈچى خادىم بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ ئەھۋاللارنى بەش قولدەك بىلەتتىم ، ئويلاپ بېقىڭ ، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا 203 ـ ياتاققا قانداقلارچە بىرىسى كىرىپ ياتقاندۇ؟

ئىشنى كېچىكتۈرۈشكە ھەرگىز بولمايدۇ ، بۇ غەلىتە مېھماننىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىنى ئېنىقلاش كېرەك! شۇنداق قىلىپ مەن خىزمەتداشلىرىم بىلەن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ دەرھال مېھمانخانىغا يېتىپ باردىم.

تەكشۈرۈش جەريانىدا مېھمانخانا دىرېكتورى 203 ـ نومۇرلۇق ياتاققا يېڭى مېھمان ئورۇنلاشتۇرمىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. قارىغاندا بۇ غەلىتە مېھمان 203 ـ ياتاققا ئۆزى كىرىپ ياتقاندەك قىلاتتى. شۇ قەۋەتتىكى نۆۋەتچى كۈتكۈچىنىڭ دېيىشىچە ئۇ ئەتىگەن قايناقسۇ ئېلىپ كىرگەندە 203 ـ ياتاقنىڭ ئاچقۇچىنىڭ يوقالغانلىقىنى بىلگەن ياتاقتا ئۇنتۇلۇپ قالغانمۇ قانداق دېگەن گۇمان بىلەن زاپاس ئاچقۇچ بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ قارىسا كارىۋاتتا بىرسى بېشىنى يوتقانغا چۈمكەپ ئۇخلاۋاتقانىكەن ، ئۇ ھەتتا ئەر ياكى ئاياللىقىنىمۇ ئېنىق كۆرەلمەستىن قايتىپ چىقىپتۇ. ئۇ بۇ غەلىتە مېھماننىڭ قانداق قىلىپ ئاچقۇچنى ئېلىپ ، قايسى ۋاقىتتا كىرگەنلىكىنىمۇ بىلمەيدىكەن. ھەر خىل ئىنچىكە ھالقىلارغا ئاساسلىنىپ بىز ئاساسىي جەھەتتىن قىياس قىلدۇق. بۇ غەلىتە مېھمان يېرىم كېچە سائەت 2 ـ 3 لەردە مېھمانخانىغا كەلگەن ، ئۇ ۋاقىتتا نۆۋەتچى كۈتكۈچى مۈلازىمەت ئۈستىلىدە يوق ئىدى ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزى 203 ـ ياتاقنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ بۇ ياتاققا كىرگەن.

بۇ غەلىتە مېھمان نېمە ئۈچۈن پەقەت 203 ـ ياتاقنىڭلا ئاچقۇچىنى ئالىدۇ؟ بۇنچىۋالا يۈرەكلىك ھالدا قورقماستىن باشقىلارنىڭ ياتىقىغا كىرىپ ياتىدۇ؟ بۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇكى ، غەلىتە

مېھمان بىلەن جىنايەتچى ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن يېقىن مۇناسىۋەت بار، شۇنداقلا ئۇ جىنايەتچىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى تېخى بىلمەيدىكەن، ئۇنداقتا بۇ غەلىتە مېھمان بىلەن جىنايەتچى ئوتتۇرىسىدا «دوستلۇق مۇناسىۋىتى» دىن باشقا يەنە تېخىمۇ مۇھىم مۇناسىۋەت بارمۇ قانداق؟

بىز بۇ غەلىتە مېھماننى تەكشۈرۈشنى قارار قىلدۇق.

خىزمەت لايىھىسىنى تۈزۈپ بولغىنىمىزدا سائەت 8 دىن ئاشقان ئىدى. تومۇز ۋاقتى، ئارغامچا بويى ئۆرلىگەن قۇياش جاھاننى قىزدۇرۇشقا باشلىدى، بۇ بۈگۈن ھاۋانىڭ قاتتىق ئىسسىق بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

مەن 203 - ياتاققا تېلېفون بەردىم. تېلېفوننى بىرسى ئالدى، قارشى تەرەپ ئېنگىلىز تىلىدا مەندىن «كىمنى ئىزدەيسىز» دەپ سورىدى، ئاۋازىدىن ئايال كىشى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. مەن قايتۇرۇپ سورىدىم: «خېنىم، خەنزۇچە بىلەمسىز؟»

«بىلمەن، ئىشىڭىز بارمىدى؟» قارشى تەرەپنىڭ ئاۋازىدا چەت ئەللىكلەر خەنزۇچىنى دەسلەپ ئۆگەنگەندىكى بىر خىل تەلەپپۇز بار ئىدى.

«خېنىم، بىز مېھمانخانا ئامانلىق ساقلاش خادىملىرى بىر ئىش بىلەن سىزنى ئىزدىمەكچىدۇق، كېيىمىڭىزنى كىيىپ بىزنى ساقلاپ تۇرۇڭ» مېنىڭ تەلەپپۇزۇم قاتتىق بولۇپ رەت قىلىش قىيىن ئىدى.

قارشى تەرەپ بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاخىرى «بولىدۇ.......» دېدى.

چارەك سائەت ئۆتكەندىن كېيىن مەن ئىشداشلىرىم ۋە ئىككى قوغداش كادىرى بىلەن 203 - ياتاققا كىردۇق. ئالدىمىزدا پەيدا بولغان غەلىتە مېھمان پاكارغىنە، 20 ياشلاردىكى يۇمۇلاق يۈزلۈك، بۇغداي ئۆڭ، يوغان كۆزەينەك، ئالتۇن زەنجىر تاقىغان، ئۈستىدە سۇترەڭلىك ئازادە ئۇزۇن يەڭ گىرىپ كوپتا، پادىچىلار شىمى كىيگەن بىر قىز ئىدى. تەقى - تۇرقى جۇڭگولۇقلار ئانچە پەرقلەنمەيتتى، لېكىن ئۇنىڭ سۆزىدىكى چەت ئەلچە تەلەپپۇز ئۇنىڭ چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى.

ئۇ بىزگە سەگەكلىك ۋە گۇمان بىلەن قاراپ كۆپ سۆزلىمىدى، ئەمما بىزنى دەڭسەۋاتاتتى. تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، سۆھبىتىمىز باشلىنىش بىلەنلا مەن ئاۋۋال ئۇنىڭ خاتالىقىنى كۆرسەتتىم. مەن «خېنىم، بىزنىڭ سىزنى نېمە ئۈچۈن ئىزدىگەنلىكىمىزنى بىلەمسىز؟ تۈنۈگۈن كېچە بىزنىڭ رۇخسىتىمىزسىز ئۆز مەيلىڭىزچە مۇلازىمەت ئۈستىلىدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ بۇ ياتاققا كىرىۋاپسىز، بۇنى ئىنكار قىلالامسىز؟» دەپ سورىدىم.

غەلىتە قىز مېھمان سەل تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. لېكىن بىردەمدىلا ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى، ئۇ ئۆزىنى ئاقلاپ: «ھە، ياقەي مەن ئۆزەم كىرىۋالمىدىم، بۇ ياتاق داۋىد ئەپەندىنىڭ، مەن داۋىد ئەپەندىنىڭ دوستى، مەن كېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ رۇخسىتىنى ئالغان، تۈنۈگۈن ئۇ بىر ئىش بىلەن سىرتتا چىقىپ كەتكەنتى، بۈگۈن كەچقۇرۇن قايتىپ كېلىدۇ» دېدى.

ئۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى راستەك قىلىپ سۆزلىدى، ھەققىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان ئادەم ئۇنى ھەرگىزمۇ يالغان سۆزلەۋاتىدۇ دېمەيتتى. ئۇ دېگەن «داۋىد ئەپەندى» ئىسمى توغرا، بۇ ياتاقتىمۇ ھەقىقەتەن داۋىد تۇرۇۋاتقان ئىدى، ئەمما داۋىد ئەپەندى دەل بىز قولغا ئالغان جىنايەتچى ئىدى، داۋىد ئالبۇرۇن قولغا ئېلىنغان بولسىمۇ، بۇ غەلىتە مېھمان تېخى تۈنۈگۈن ئۇنىڭ بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشتۈم دەيدۇ، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ رۇخسىتىنى ئاپتىمىش.

ئىچىمدە كۈلگۈم كەلدى. لېكىن ئۇنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلمىگەنگە سېلىپ، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئۇرامى بويىچە رەددىيە بەردىم: «كەچۈرۈڭ خېنىم، داۋىد ئەپەندى سىرتقا چىقىش ئالدىدا بىزگە سىزنى كىرگۈزۈشكە بولىدىغانلىقىنى ئېيتمىغان. شۇڭا، سىز خالىغانچە باشقىلارنىڭ ياتىقىغا ئۇسسۇپ كىرگەنلىكىڭىز ئۈچۈن، مېھمانخانى

مىزنىڭ بەلگىلىمىسگە خىلاپلىق قىلدىڭىز »

« بۇ . . . . . . . » غەلىتە مېھمان مۇرسىنى كۆتىرىپ قويۇپ جىمىپ قالدى.

ئەلۋەتتە، بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئۇنىڭ مېھمانخانىنىڭ بەلگىلىمىسگە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش ئەمەس، بەلكى مۈشۈنى چىقىش ئېغىزى قىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ كېلىش مەنبىسىنى ئېنىقلاش ئىدى، مەن ئۇنىڭ پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ دەرھال سۆزنى باشقا ياققا بۇرىدىم: « خېنىم ئەمدى ئۆزىڭىزنىڭ ئىسىم ـ پەمىلىڭىز، دۆلىتىڭىز، خىزمەت ئورنىڭىزنى ئېيتىپ بېرىڭ »

غەلىتە مېھمان جاۋاب بەرمەستىن جىددىيلەشكەن ھالدا ماڭا قارىدى، بىر تۇرۇپ گېپىمنى چۈشەنمىگەندەك، يەنە بىر تۇرۇپ ئېنىمدۇر ئويلاۋاتقاندەك ئىدى. مەن تەلەپپۇزۇمنى ئۆزگەرتتىم ـ دە سەل بېسىم ئارىلاش: « خېنىم، سىز مېھمانخانىمىزدىكىلەرگە بۆلارنى دەپ بېرىشنى خالىمىسىڭىز ساقچى تەرەپ سىز بىلەن سۆزلەشسۇن، بولامدۇ؟ » دېدىم.

ئۇ ھودۇقۇپ كەتتى، دەرھاللا: « ياق ئېيتىپ بېرەي، مەن ئىتالىيىلىك شاڭخەيدە ئوقۇيمەن، جۇڭگوچە ئىسمىم لى شاڭجىن. . . . . . . . . » دېدى.

مەن گۇمانلىنىپ ئۇلاپ سورىدىم: « سىزنىڭ سىرتقى قىياپىتىڭىز شەرقلىقلەرگە ئوخشايدىكەنغۇ؟ »

« ھە، مېنىڭ دادام ياپونىيىلىك، ئاپام جۇڭگولۇق، مەن ئىتالىيىدە تۇغۇلغان، ئاپامنىڭ مۇناسىۋىتى بىلەن جۇڭگوغا كېلىپ ئوقۇۋاتىمەن، جۇڭگومۇ مېنىڭ يېرىم دۆلىتىم. سىزچە شۇنداقمۇ؟ » دېدى. ئۇنىڭ سۆزىدىن قۇسۇر تاپقىدەك يەر يوق ئىدى، ئۇنىڭ گېپىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مەن سورىدىم: « خېنىم پاسپورتىڭىز ياكى چەت ئەلدە تۇرۇپ ئوقۇش كىنىشكىڭىزنى ماڭا كۆرسىتىڭ ».

« ھە » ئۇ يەنە ئىككى قولىنى قوشتۇرۇپ سۆزلىدى: « كەچۈرۈڭ بۇلار شاڭخەيدە قالغان. . . . . . . »

كۆڭلۈمدە گۇمان تۇغۇلدى: نېمە، كىنىشكىلىرى يېنىدا ئەمەسكەن، بۇ يەر بىلەن شاڭخەينىڭ ئارىلىقى نەچچە ئون مىڭ كىلومېتىر تۇرسا، ئۇنى شاڭخەيگە بېرىپ ئەكىلىڭ دەمدىمەن؟ لېكىن ئۇنىڭ گېپىنى قانداق ئىسپاتلاش مۇمكىن؟

مۇشۇلارنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈۋاتقىنىمدا، غەلىتە مېھمان شىرە ئۈستىدىن سومكىسىنى ئېلىپ مەندىن سورىدى: « ئەپەندىم، مەن ماڭسام بولامدۇ؟ »

« بولمايدۇ » مەن قەتئىي دېدىم: « بىز سىزنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىڭىزنى تېخى بىلمىدۇق»

« مەن سىزگە ئېيتىپ بەردىمغۇ؟ » ئۇمۇ بوش كەلمىدى.

مەن « سىزنىڭ ئىسپاتىڭىز بولمىسا، بىز قانداق ئىشىنىمىز ! » دەپ جاۋاب بەردىم.

« مۇشۇ ئۆيدە تۇرىدىغان داۋىد ئەپەندى ئىسپات بولالايدۇ. . . . . . . »

« بەكمۇ ئەپسۇس ئۇ ھازىر يوق. »

ئۇ چۆچىگەن ھالدا ماڭا قارىدى، ئۇ بىردەم شۈككىدە تۇرۇۋېلىپ سومكىسىدىن پۇل قاپچۇقىنى چىقاردى: « ئەپەندىم، خالىغانچە باشقىلارنىڭ ياتىقىغا كىرىش توغرا ئەمەس، مەن بىر كۈنلۈك ياتاق پۇلىنى تۆلەپ بېرەي، موشۇنداق قىلسامغۇ مېنى ماڭغۇزارسىلەر؟ » دېدى.

ئەلۋەتتە مۇنداق ئىشنى پۇل بىلەن ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن قاپىقىمنى تۈرۈپ تۇرۇپ دېدىم: « بولمايدۇ، سىز چوقۇم ئۆزىڭىزنىڭ ئىتالىيىلىك ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلاپ بېرەلىسىڭىز ئاندىن ماڭىسىز ! ».

جىمجىتلىق، ئىچىدە ھۇشيارلىق بىلەن بىر ـ بىرىمىزگە تىكىلدۇق. ئۇ بىر دەم ئويلانغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز مۇنداق دېدى: « ھە، راست ئەپەندىم، ئىككى يىل بۇرۇن مەن سىلەرنىڭ بۇ يەردىكى تىل ئىنستىتوتىدا ئوقۇغان، سىز شۇلاردىن سورىسىڭىز بولىدۇ. »

مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ قوشۇلىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. مەن ھەمراھىمنى ياتاقتا قالدۇرۇپ، ئۆزۈم قايتىپ چىقتىم، مۇلازىمەت پۇنكىتىدا تىل ئىنستىتۇتىنىڭ تېلېفونىنى ئېلىپ سۈرۈشتۈردۈم، دېجۇرنى خادىم بۇرۇنقى چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىزىملىكىنى ۋاراقلاپ، ئۇلارنىڭ ئىنستىتۇتىدا ھەقىقەتەن لى شاۋجىن ئىسىملىك ئىتالىيىلىك قىز ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى يىل بۇرۇن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. قارىغاندا گۇمانلىنىشنىڭ ھاجىتى قالمىغاندەك قىلاتتى، غەلىتە مېھماننىڭ دېگەنلىرى راست ئىكەن.

مەن قايتىپ كىرگەندىن كېيىن ئۇنى دەرھال قويۇۋېتىش قارارىغا كەلدىم، تۇرۇپكىنى قويۇشتىن بۇرۇن مۇنداقلا سورىدىم: «لى شاۋجېننىڭ چەت ئەلچە ئىسمىچۇ؟».

«توماس مارى»

بۇ ئىسىمنى ئېسىمدە تۇتۇۋالدىم ھەم تېزلا 203 - ياتاقتا قايتىپ كىردىم، ئولتۇرغاندىن كېيىن ناھايىتى سىلىق تەلەپپۇزدا: «خېنىم، مەن ھېلى تېلېفون بېرىپ سورىدىم. تىل ئىنستىتۇتى بىزگە ئىسپاتلاپ بەردى......»

مېنىڭ تۆۋەندىكى گەپلەرنى دېگۈم كەلدى: سىزنىڭ دەل ئىتالىيىلىك ئوقۇغۇچى لى شاۋجىن ئىكەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلاپ بەردى. لېكىن دەرھاللا ئىچىمگە يۇتۇۋەتتىم. مەن ئۆزەمنىڭ لوگىكا جەھەتتە خاتالىشىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلىپ قالدىم: ئىنستىتوت نېمىگە ئىسپات بولالايدۇ؟ ئۇلار پەقەتلا لى شاۋجىن ئىسىملىك ئىتالىيىلىك قىز ئوقۇغۇچىنىڭلا بارلىقىغا ئىسپات بولىدۇ، لېكىن ئالدىمدىكى بۇ غەلىتە مېھماننىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرمىدى - دە! مەن قانداقلارچە مۇنداق ئاسان مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمەن؟

غەلىتە مېھمان گېپىمنىڭ كوكۇلىسىغا ئېسىلدى: «ئەپەندىم، ئىنستىتوت نېمىگە ئىسپات بولدى؟»

مەن ئوڭايسىزلاندىم، تەسلىكتە: ئىنستىتوت ھەقىقەتەن لى شاۋجىن ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى......»

غەلىتە مېھمان شاتلىنىپ كەتتى: «ئەمەلىيەت مېنىڭ يالغان گەپ قىلمىغانلىقىمنى ئىسپاتلىدىغۇ؟ ئەپەندىم، ئەمدىغۇ ماڭسام بولار؟»

غەلىتە مېھمان سۆزلىگەچ يەنە سومكىسىنى ئالدى.

مەن پۈتۈنلەي پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئىدىم، ئۇنى ماڭغۇزاي دېسەم تېخى، ماڭغۇزمىسام تېخى، مەن گەپ قىلماي كۆڭلۈمدە تىت - تىت بولۇشقا باشلىدىم. ئالدىرىمىساڭ ئەقىل تاپارسەن دېگەندەك، دەل مۇشۇ جىددىي پەيتتە مەن تۇيۇقسىزلا لى شاۋجىننىڭ چەت ئەلچە ئىسمىنى ئېسىمگە ئالدىم - دە، بىر پىلاننى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم. شۇنىڭ بىلەن ئۆزەمنى تۇتۇۋېلىپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك سورىدىم: «ئەلۋەتتە، بىراق...... ھەي، توغرا خېنىم، سىز توماس مارى ئىسىملىك بىر چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىنى تونۇمسىز؟ ئۇمۇ تىل ئىنستىتۇتىدىكى ئىتالىيىلىك ئوقۇغۇچى».

ئەگەر ئۇ «ئۇ مەن» لا دەيدىغان بولسا مەن ئۇنى دەرھاللا كەتكۈزۈۋەتكەن بولاتتىم، چۈنكى مېنىڭ يەنە گۇمانلىنىشىمنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايتتى.

ئەمما ئۇ: «مەن ئۇنى تونۇيمەن، بىز ساۋاقداش ھەم يېقىن دوست ...» دېدى.

ھا ھا! مەن ئۇتتۇم، ئۇنىڭ يالغان ئەپتى - بەشىرىسى ئاشكارىلاندى. ئۇ لى شاۋجىن بىلەن توماس مارىنىڭ بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن، ئۇ بۇنىڭ ئىتالىيىلىك ئوقۇغۇچى قىياپىتىگە كىرىۋالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، ئۇنداق بولمىسا ئۆزىنىڭ ئىسمىنى بىلمەيتتىمۇ؟

مەن سوغۇققىنا كۈلۈپ دېدىم: «بولدى، سىز ئەمدى ئويۇنلىرىڭىزنى يىغىشتۇرۇۋېلىڭ، قانداق تۇر ساۋاقداش، دوست! لى شاۋجىن بىلەن توماس مارى بىر ئادەم، سىز بۇنىمۇ بىلمەي تۇرۇپ تېخى چەت ئەللىك بولۇۋالغانلىقىڭىز نېمىسى؟»

غەلىتە مېھمان تىترەپ گەپمۇ قىلالماي قالدى، يۈزلىرى تاتىرىپ پېشانىسىدىن تەر چىقىپ

كەتتى.

ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە بۇ ئويۇننى ئويـ
ناۋېرىشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغان ئىدى. مەن
ساقچىلىق كېنىشكامنى چىقىرىپ سالاھىيىتىمنى ئاشـ
كارىلاپ رەسمىي ۋەزىپە ئۆتەشكە باشلىدىم. غەـ
لىتە مېھمانىنىڭ سومكىسىنى ئاختۇرۇپ دۆلەتنىڭ
ئۈچ پارچە مەخپىي ھۆججىتىنى تاپتۇق.

تەكشۈرۈش ناھايىتى تېز داۋاملاشتى.

بۇ بىر ئورگاننىڭ كەسپىي باشقارمىسىنىڭ
ھۆججىتى ئىدى، باشقارما باشلىقىنىڭ پەملىسى
ۋاڭ، 50 تىن ئاشقان بولۇپ خىزمەتتە ئەستايىدىل
ئىدى، لېكىن تەسادىپىي يۈز بەرگەن بىر ئىشتىن
قاتتىق زەربە يېدى.

بىرى ئۇنىڭ قىزىنىڭ يوتۇپ كېتىشى ئىدى.
ئۇنىڭ قىزىنىڭ ئىسمى ۋاڭ يىڭ بولۇپ ناھايىتى
ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلدى. ۋاڭيىڭ كىچىكىدىنلا ئەرـ
كە چوڭ بولۇپ، يەپ ـ ئىچىش، ئويناپ ـ كۈـ
لۈش، ياسىنىشتا بىرىنچى بولغىنى بىلەن، ئۆگۈـ
نۈش نەتىجىسى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. تو-
لۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ داشۆگە ئۆتەلمىدى.
باشقارما باشلىقى ۋاڭ ئۇنىڭغا چەت ئەللىكلەر
ئاچقان مېھمانخانىدىن بىر كىشىلىك خىزمەت تېپىپ
بەردى. بىر قىز ئالىي دەرىجىلىك مېھمانخانىدا
ئىشلىسە قەيىرى يامان؟ مۇھىتى ياخشى، كىرىمىمۇ
يۇقىرى، لېكىن ۋاڭ يىڭ قەتئىي رەت قىلىپ ئاتا ـ
ئانىسىدىن ئۆزىنى ئامېرىكىغا چىقىرىپ ئوقۇتۇشنى
تەلەپ قىلدى. قىزىنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغان خام
خىيالىنى قىلىپ، ئۆز ھالىغا بېقىپ ئىش قىلماسلىـ
قى باشقارما باشلىقى ۋاڭ نىڭ قاتتىق ئاچچىقىنى
كەلتۈردى. قاتتىق تىللىۋىدى، كىم بىلسۇن، دەل
شۇ كۈنى كەچتە ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ
كەلمىدى. قىزى يوتۇپ كېتىپ باشقارما باشلىقى
ۋاڭنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر قاتتىق پۇشايمان، ئاچـ
چىق، بىئاراملىق ئىچىدە قالدى ۋە خۇددى ساراڭ
بولۇپ قالغاندەك تەرەپ تەرەپنى ئىزدەشكە باشـ
لىدى، ساۋاقداشلارنىڭ ئۆيى، تۇغقانلارنىڭ ئۆـ
يى، ھەمدە باشقا ئۆلكىنىڭ يېزىلىرىدىكى تۇغـ
قانلىرىنىڭ ئۆيىنىڭ ھەممىسىگە باردى. ئامالسىزـ
قالغان. باشقارما باشلىقى ۋاڭ ئاخىرى گېزىتكە
ئادەم ئىزلەش ئېلانى چىقىرىپ ج خ تارماقلىرىدىن
ياردەم سورىدى. لېكىن قىزىدىن يەنىلا خەۋەر
بولمىغاندىن كېيىن، باشقارما باشلىقى ۋاڭ قىـ
زىمغا چوقۇم بىرەر كېلىشمەسلىك بولغان ئوخشايـ
دۇ دەپ بۇ ئىش تىلغا ئېلىنسا يىغلاپ تاشلايتتى.

قىزى تېپىلماي تۇرۇپ ھۆججەتنىڭ يوتۇپ كېـ
تىشى تېخىمۇ يامان بولدى. باشقارما باشلىقى
ۋاڭنىڭ قولىدىكى ئىشنى تۈگەتمىسە توختىمايدىـ
غان، ھۆججەتلەرنى كۆرۈپ بولالمىسا بولدى قىلـ
مايدىغان ئادىتى بار ئىدى. ھەپتە ئاخىرلىرى كۆـ
رۈپ بولالمىغان ھۆججەتلەرنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ
كۆرەتتى. گەرچە ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ھۆججەت
مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن
بولمىسىمۇ، ھۆججەتلەرنى يوتتۇرۇپ قويمايدىغانـ
لىقىغا ئىشەنچىسى كامىل ئىدى.

بۈگۈنمۇ ئۇ خىزمەت بىلەن سىرتقا چىقىپ،
ئىشتىن چۈشۈش ئالدىدا ئىدارىغا قايتىپ كەلـ
دى. ئۇنىڭ جوزىسىدا بىر پارچە ھۆججەتلەر توپـ
لىمى تۇراتتى. كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەچكە نەرسە
ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ھۆججەتلىرىنى مەخـ
پىي رەقەملىك قول سومكىسىغا سېلىپ ئۆيىگە ماگـ
دى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۇ ئىشكىنى تاقاپ
ئايالى بىلەن ياشىنىپ قالغان قېين ئاتا ـ ئانىـ
سىنى يوقلىغىلى ماڭدى. ئۇنىڭ ئۆيى بىنانىڭ 3
ـ قەۋىتىدە، تۆمۈر ئىشىك ئورنىتىلغان بولۇپ،
ئىنتايىن بىخەتەر ئىدى. ئەمما دەل شۇ كۈن كەچتە
ھۆججەتلەر يوتۇپ كەتتى. ھۆججەتلەر توپلىمىدا
بەش ئالتە پارچە ھۆججەت بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچى
يوقالغاندى.

ئۇ ھۆججەتلەرنىڭ يوتكەنلىكىنى بىلگەندىن
كېيىن قىزى يوتكەندىنمۇ بەك پۇشايمان قىلدى،
تىت ـ تىت بولدى، ھەتتا قورقتى، بۇنىڭ مەسئۇـ
لىيىتى ئېغىر ئىدى. ئۇنىڭ ئىچى پۇشتى: ئۆينىڭ
تۆمۈر ئىشىكى بۇزۇلمىغان، دەرىزىلەرمۇ ئۆز پېتىـ
چە، ھۆججەتلەر قانداق يوتكەندۇ؟ ئۆيگە ئوغرى

قانداق كىرگەندۇ ؟ نېمە ئۈچۈن پۇل ـ مالنى ئالـ
ماي ھۆججەتنى ئالدۇ ؟ يەنە كېلىپ ھەممىسنى
ئالماي پەقەت 3 پارچىسلا ئوغۇرلايدۇ !

يۇقىرىدا ئېيتىلغان گۇمانلارنى كىتاپخانلىرىـ
مىزنىڭمۇ بىلگۈسى كەلگەندۇ ؟ ئۇنداقتا بىزنىڭ بۇ
غەلىتە مېھماننى سوراق قىلىپ يازغان خاتىرىمىزنى
كۆرۈپ بېقىڭ :

مېنىڭ ئىسمىم ۋاڭ يىڭ ، بۇ يىل 19 ياش
. . . . . .

تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 2 ـ يىللىقىدا بىر نەچچە
چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار بىلەن تونۇشۇپ ئۇلار
بىلەن ئارىلىشىدىغان بولدۇم ، مېنىڭ ئۇلارغا ناـ
ھايىتى زوقۇم كېلەتتى ، شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ
كىيىنىشى ھەم خەنزۇ تىلىدا سۆزلىگەندىكى بىر
خىل تەلەپپۇزىنى ئۆگىنىۋالدىم . . . . . . .

تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ ئالى مەكتەپكە
ئۆتەلمىدىم ، دادام مېنى مېھمانخانىغا مۇلازىمەتچى
قىلماقچى بولدى ، لېكىن مەن ئۇنداق باشقىلارنى
كۈتىدىغان خىزمەتنى ياخشى كۆرمەيتتىم ، شۇڭا
بارغۇم كەلمىدى . مېنىڭ ئامېرىكىغا چىقىپ ئوقۇـ
غۇم بار ئىدى . مۇشۇ ئىش ئۈچۈن دادام مېنى
قاتتىق تىللىدى . مەن قورساق كۆپىكىدە شۇ ئاخـ
شىملا ئۆيدىن چىقىپ چەت ئەللىك دوستلىرىمنى
ئىزدەپ بېرىپ ئۇلارنىڭ تۇرالغۇسىدا خېلى ئۇزاق
تۇردۇم . . . . .

مەن ئاتا ـ ئانامنىڭ تىت ـ تىت بولۇپ تەـ
رەپ ـ تەرەپتە ئىزدەيدىغانلىقىنى بىلمەن ، لېكىن
مەن ئۆيگە قايتىپ بېرىشنى خالىمىدىم . . . . . . .

نېمە ئاتۇرمۇش خىراجىتى دەمسىز ؟ مەن چەت
ئەللىك ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار بىلەن ياتتىم ، ئۇلار
ماڭا پۇل بەردى . كېيىن بىر چەت ئەللىك ئوقۇغۇـ
چى مېنى داۋىد بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويدى . شۇـ
نىڭدىن كېيىن مەن داۋىد بىلەن بىللە تۇرۇپ ، ئىـ
تالىيىلىك ئوقۇغۇچى لى شاڭجىننىڭ قىياپىتىگە كىـ
رىۋالدىم . بۇنداق قىلسام ھەرىكەت قىلىشقا
قولايلىق بولىدىكەن ، ئاۋارىچىلىقمۇ بولمايدىـ
كەن ، دەسلەپتە مەن داۋىد بىلەن توي قىلىشنى

ئويلاپ ئۇنىڭغا مېنى چەت ئەلگە ئېلىپ چىقىپ كېـ
تىشنى ئېيتسام ، ئۇ ئۆيدە ئايالى بارلىقىنى ئېيـ
تىپ قوشۇلمىدى . ئۇنىڭغا چەت ئەلگە چىقىش خىـ
راجىتىنى كۆتۈرۈشنى ئېيتسام ئويلىشىپ باقىدىـ
غانلىقىنى بىلدۈردى ، بىراق ئۇنىڭغا چوقۇم ئىچكى
ماتېرىيال ياكى قىزىل باشلىق ھۆججەت تېپىپ بەرـ
سەم ، ئاندىن چەت ئەلگە چىقىش خىراجىتىنى كۆـ
تۈرىدىغان بولدى . بۇمۇ بولىدىغان يول ئىكەن ،
دەپ قاراپ قوشۇلدۇم ، مەن دادامدا بۇ نەرسىـ
لەرنىڭ بارلىقىنى بىلەتتىم . ئۇ بۇنداق نەرسىلەرـ
نى دائىم ئۆيگە ئېلىپ كېلىپ كۆرەتتى . . . . . . .

ئاشۇ شەنبە كۈنى كەچتە مەن ئوغۇرلۇقچە
ئۆيگە باردىم ، ئاتا ـ ئانامنىڭ يوقلۇقىدىن پايـ
دىلىنىپ ئاچقۇچ بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرـ
دىم ، دادامنىڭ ماتېرىيال سومكىسىدىن 3 پارچە
قىزىل باشلىق ھۆججەتنى ئالدىم . مەن ئالدى بىـ
لەن چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار تۇرالغۇسىدا بىر
مەزگىل تۇرۇپ سىرتنى كۆزەتتىم . كېيىن ھېچ ئىش
بولمىدى ، شۇنىڭ بىلەن تونۇگۈن كېچىدە داۋىدقا
ھۆججەتلەرنى ئەكېلىپ بېرىش ئۈچۈن كەلدىم .

نېمە ؟ مەن جىنايەت ئۆتكۈزدۈممۇ ؟ مەن داـ
دامغا زىيانكەشلىك قىلدىم ؟ مەن . . . مەن ئويلىـ
ماپتىمەن . مەن پەقەت ھۆججەتلەرنى ئېلىپ داۋىدـ
قا پۇلغا تېگىشىپ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشنىلا
ئويلاپتىمەن . مېنىڭچە دادامدا ھۆججەت جىق ، بىر
ئىككى پارچە ئالسام ھېچنېمە بولماس دەپتىمەن
. . . . .

(« مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتى » ژۇرنىلىـ
نىڭ 1995 ـ يىللىق 10 ـ سانىدىن)

گۈلنىسا كېرىم تەرجىمىسى



# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۆلچەش ـ سىزىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى

(1996 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 19 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى)

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئېلانى

( 43 — 8 )

(1996 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى)

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۆلچەش ـ سىزىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى» 1996 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 19 ـ يىغىنىدا ماقۇللىنىپ، ھازىر ئېلان قىلىندى.

### بىرىنچى باب ئومۇمىي پرىنسىپ

1 ـ ماددا بۇ نىزام ئۆلچەش ـ سىزىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۆلچەش ـ سىزىش خىزمىتىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۆلچەش ـ سىزىش قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىلدى.

2 ـ ماددا بۇ نىزام ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدىكى ئۆلچەش ـ سىزىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەرگە باب كېلىدۇ. بۇ نىزامغا ئەمەل قىلىش شەرت.

3 ـ ماددا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆلچەش ـ سىزىش مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى پۈتۈن ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۆلچەش ـ سىزىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. ئوبلاستلىق، (ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە، شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئۆلچەش ـ سىزىش خىزمىتىنى باشقۇرىدىغان تارمىقى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ ئۆلچەش ـ سىزىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونىنىڭ باشقا مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەلگىلىگەن مەسئۇلىيىتى بويىچە، ئۆز تارمىقىنىڭ كەسپىي دائىرىسىدىكى ئۆلچەش ـ سىزىش خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ ھەمدە ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۆلچەش ـ سىزىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ نازارەت قىلىشى ۋە باشقۇرۇشىدا بولىدۇ.

4 ـ ماددا ئۆلچەش ـ سىزىش مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرى ۋە باشقا ئالاقىدار تارماقلار ئۆلچەش ـ سىزىش پەن ـ تېخنىكا تەتقىقاتى ۋە ئۆلچەش ـ سىزىش تېخنىكا خادىملىرى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت ئۆلچەش ـ سىزىش كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشى ۋە ئىشلىتىشى، ئاز سانلىق مىللەت تىل ـ يېزىقىدىكى ئۆلچەش ـ سىزىش پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرى ۋە كەسپىي دەرس ـ

لمكلرىنى تۈزۈش ، تەرجمە قلش ۋە نەشر قلش خزمتنى ياخشى ئشلەشكە ئەهمىيەت بېرىشى لازم.

5 ـماددا هەر دەرىجلىك خەلق هۆكۈمەتلرى ئۆلچەش ـسزىش ئشلىرىدا كۆرۈنەرلىك نەتجە ياراتقان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدرلەيدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ.

**ئككنچى باب ئۆلچەش ـسزىش ئاساسى ئۆلچمى ۋە يىرىك پىلاننى يولغا قويۇش**

6 ـماددا دۆلەتنىڭ گېئودېزيلىك ئۆلچەش سستېمىسى ۋە دۆلەتنىڭ ئاساسي ماشستابلىق خەرىتە سستېمىسنى ئۆلچەش ـسزىشتا دۆلەت بىرلىككە كەلتۈرگەن ئۆلچەش ـسزىش ئاساسي ئۆلچمى ۋە ئۆلچەش ـسزىش سستېمىسنى قوللىنش شەرت. باشقا ئۆلچەش ـسزىش پائالىيىتدە ، دۆلەتنىڭ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش ـسزىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقنىڭ بەلگىلمىسى بويىچە ، دۆلەت بىرلىككە كەلتۈرگەن ئۆلچەش ـسزىش ئاساسي ئۆلچمى ۋە ئۆلچەش ـسزىش سستېمىسنى پەيدىنپەي قوللىنش لازم.

شەهەر (بازارنى ئۆز ئچگە ئالمايدۇ) ، زاۋۇت ـكان رايونى ۋە چوڭ ، ئوتتۇرا قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە نىسبىي مۇستەقىل گورىزونتال كوئوردىنات سستېمىسنى تۇرغۇزۇشنى ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش ـسزىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا تەكشۈرتۈپ ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمتىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن يولغا قويۇش شەرت؛ باشقا شەهەر ، بازار ۋە قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە نسبىي مۇستەقىل گورىزونتال كوئوردىنات سستېمىسى تۇرغۇزۇشنى شۇ جايدىكى ئوبلاستلىق ، شەهەرلىك خەلق هۆكۈمتى ۋە ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەهكىمگە تەستىقلىتىپ ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش ـسزىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرۇش لازم.

7 ـماددا ئۆلچەش ـسزىش ئورۇنلىرىدىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمتى بەلگىلىگەن چەكتىن ئارتۇق ئۆلچەش ـسزىش پائالىيتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىرى دۆلەت ئۆلچمىنى ئجرا قلىشى شەرت؛ باشقا ئۆلچەش ـسزىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىرى كەسپ ئۆلچمى ، ساهە ئۆلچمى ياكى توختامدا بەلگىلەنگەن ئۆلچەمنى ئجرا قلىسا بولىدۇ ، ئەمما بۇنى تېخنكا لايىهىسىدە ئنزاهلاپ قويۇشى لازم.

8 ـماددا ئاساس خاراكتېرلىك ئۆلچەش ـسزىش يىرىك پىلانى ۋە چوڭ ـچوڭ ئۆلچەش ـسزىش تۈرلىرى يىرىك پىلاننى ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش ـسزىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تۈزىدۇ ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمتىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن يولغا قويىدۇ هەمدە گوۋۇيۈەننىڭ ئۆلچەش ـسزىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

ئاپتونوم رايوننىڭ باشقا ئالاقىدار تارماقلىرى ئۆز تارمىقىنىڭ كەسپىي ئۆلچەش ـسزىش يىرىك پىلاننى تۈزىدۇ ۋە يولغا قويىدۇ ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش ـسزىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

ئوبلاستلىق ،ۋىلايەتلىك (شەهەرلىك) ئۆلچەش ـسزىش مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرى ئقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئجتىمائىي تەرەققىيات ئېهتىياجىغا قاراپ ، ئۆز رايوننىڭ ئۆلچەش ـسزىش يىرىك پىلاننى تۈزۈپ ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش ـسزىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرغاندىن كېيىن يولغا قويسا بولىدۇ.

9 ـماددا ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش ـسزىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئاپتونوم رايونلۇق يەر باشقۇرۇش تارمىقى ۋە باشقا ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ، دۆلەتنىڭ يەر تەۋەلىكى ئۆلچەش ـسزىش يىرىك پىلانىغا ئاساسەن ، ئاپتونوم رايوننىڭ يەر تەۋەلىكى ئۆلچەش ـسزىش پىلاننى تۈزىدۇ هەمدە ئۆلچەش ـسزىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى يەر تەۋەلىكى ئۆلچەش ـسزىش خزمتنى ئويۇشتۇرىدۇ ۋە ماسلاشتۇرىدۇ.

10 ـماددا دۆلەت چېگرىسى ۋە ناهىيە (شەهەر) دىن يۇقىرى مەمۇرىي رايونلارنىڭ چېگرىسنى

ئۆلچەش-سىزىش خىزمىتى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە ئىشلىنىدۇ، بۇنى ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش-سىزىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئاپتونوم رايوننىڭ مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىشنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى بىلەن بىرلىكتە يولغا قويىدۇ ۋە باشقۇرىدۇ.

خەرىتىدىكى دۆلەت چېگرىسى ۋە ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ مەمۇرىي چېگرىسى گوۋۇيۈەن تەستىقلاپ ئېلان قىلغان ئۆلچەملىك خەرىتە بىلەن بىردەك بولۇشى شەرت؛ ئوبلاست، ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ مەمۇرىي چېگرىسى گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بېكىتكەن چېگرا بويىچە سىزىلىدۇ.

11 **-ماددا** خەرىتە سىزىش، نەشر قىلىش، بېسىش، سېتىش ياكى كۆرگەزمە قىلىشتا تۆۋەندىكى بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلىش شەرت:

(1) دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تېخنىكىلىق ئۆلچىمىنى ئىجرا قىلىش، خەرىتە نۇسخىسىنى ئۆلچەش-سىزىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ بېكىتىشىدىن ئۆتكۈزۈش؛

(2) يەر نامى ۋە يەر نامىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى يەر ناملىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى ئېلان قىلغان قېلىپلاشقان نام ۋە ئاھاڭ تەرجىمە قائىدىسى بىلەن بىردەك بولۇش؛

(3) قانۇن، نىزاملاردىكى باشقا بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن بولۇش.

12 **-ماددا** ئاپتونوم رايون ئۆلچەش-سىزىش ۋەزىپىسىنى تىزىملاش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ. ئۆلچەش-سىزىش ۋەزىپىسىنى تىزىملاش دائىرىسى ۋە باشقۇرۇش چارىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەلگىلەيدۇ.

**ئۈچىنچى باب ئۆلچەش-سىزىش سالاھىيىتى ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش**

13 **- ماددا** ئۆلچەش-سىزىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدىغان ئورۇن مۇناسىپ سالاھىيەت تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈشى شەرت، ئاندىن ئۆلچەش-سىزىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ.

ئۆلچەش-سىزىش بازىرىغا كىرىپ ئۆلچەش-سىزىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدىغان ئورۇنلارغا ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش-سىزىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى بەلگىلىمە بويىچە سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈپ گۇۋاھنامە بېرىدۇ؛ ئۆز تارمىقىنىڭ كەسپىي دائىرىسىدىكى ئۆلچەش-سىزىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدىغانلارنىڭ سالاھىيىتىنى شۇ تارماق تەكشۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش-سىزىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

14 **-ماددا** ئۆلچەش-سىزىش ئورۇنلىرىدىن چەكتىن ئارتۇق ئۆلچەش-سىزىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىرى تېخنىكا لايىھىسى تۈزۈشى لازىم. باشقا ئۆلچەش-سىزىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىرى ئۆلچەش لايىھىسىنى تۈزۈشى لازىم.

تېخنىكا لايىھىسى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە تەستىقلىنىدۇ. ئالاقىدار تارماقلار تەستىقلىغان تېخنىكا لايىھىسىنىڭ كۆچۈرۈلمىسىنى ئۆلچەش خىزمىتى ئىشلىنىشتىن ئىلگىرى ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش-سىزىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا يوللاش لازىم.

15 **-ماددا** ئۆلچەش-سىزىش مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرى ۋە باشقا ئالاقىدار تارماقلار ئۆلچەش-سىزىش مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى كېرەك. ئۆلچەش-سىزىش ئورۇنلىرى مەھسۇلات سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەھسۇلات سۈپىتىگە ئومۇمىيۈزلۈك مەسئۇل بولۇشى شەرت. چەكتىن ئارتۇق ئۆلچەش-سىزىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئۆلچەش-سىزىش مەھسۇلاتىنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرىدىغان قانۇنلۇق ئاپپاراتنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ خېرىدارلارغا بەرمەسلىكى كېرەك. ئۆلچەش-سىزىش مەھسۇلاتىنىڭ سۈپىتى

لاياقەتسىز بولغانلىقتىن خېرىدارلار زىيان تارتقان بولسا، ئۆلچەش ـ سىزىش ئورۇنلىرى تۆلەپ بېرىدۇ.

16 ـ ماددا ئۆلچەش ـ سىزىش بازىرىغا كىرگۈزۈلىدىغان ئۆلچەش ـ سىزىش تۈرلىرى خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار بولۇش يولى بىلەن باشقۇرۇلىدۇ؛ سوممىسى 500 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان ئۆلچەش ـ سىزىش تۈرلىرىنى ھۆددىگە ئالغۇچى ئاشكارا خېرىدار چاقىرىش يولى بىلەن بېكىتىلىدۇ. ئۆلچەش ـ سىزىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى قاتارلىق مەسئۇل تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، ئۆلچەش ـ سىزىش تۈرلىرىگە خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار بولۇشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرىدۇ.

17 ـ ماددا ئۆلچەش ـ سىزىش ئورۇنلىرى ئۆزى ھۆددىگە ئالغان ئومۇمىي ئۆلچەش ـ سىزىش تۈرلىرىنى ھۆددىگە بەرگۈچىنىڭ ماقۇللىقى بىلەن بۆلۈپ ھۆددىگە بەرسە بولىدۇ، لېكىن بۆلۈپ ھۆددىگە بېرىش مىقدارى ھۆددىگە ئېلىنغان ئومۇمىي مىقدارنىڭ 40 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى ھەمدە بۆلۈپ ھۆددىگە بېرىلگەن تۈرلەرنىڭ سۈپىتىگە، مۇددىتىگە باش ھۆددىگەر مەسئۇل بولۇشى كېرەك. بۆلۈپ ھۆددىگە ئالغۇچى ئۆلچەش ـ سىزىش تۈرلىرىنى يەنە ھۆددىگە بەرمەسلىكى كېرەك. ئۆلچەش ـ سىزىش ھۆددىگەرلىك توختامىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش يولى بىلەن ئارىدىن پايدا ئېلىش مەنئى قىلىنىدۇ.

18 ـ ماددا ئۆلچەش ـ سىزىش ئورۇنلىرى ئۆلچەش ـ سىزىش بازىرىنىڭ تەرتىپىنى ساقلىشى، تۆۋەندىكى ناتوغرا رىقابەت ۋاستىلىرىنى قوللانماسلىقى كېرەك:

(1) باشقا ئۆلچەش ـ سىزىش ئورنىنىڭ نامىنى سېتىپ، ئۆلچەش ـ سىزىش تۈرلىرىنى ھۆددىگە ئېلىش؛

(2) ئۆلچەش ـ سىزىش تۈرلىرىنى پارىخورلۇق ۋاستىسىنى قوللىنىپ ھۆددىگە ئېلىش؛

(3) رىقابەتچىسىنى چەتكە قېقىش مەقسىتىدە، ئۆلچەش ـ سىزىش تۈرلىرىنى تەننەرخىدىن تۆۋەن باھادا ھۆددىگە ئېلىش؛

(4) يالغان پاكىت ئويدۇرۇش، تارقىتىش يولى بىلەن رىقابەتچىسىنىڭ كەسپىي ئىناۋىتىنى تۆكۈش؛

(5) خېرىدار بولغۇچى بىلەن خېرىدار چاقىرغۇچى يەڭ سودىسى قىلىپ، باھانى ئۆستۈرۈش ياكى تۆۋەنلىتىش يولى بىلەن رىقابەتچىسىنى چەتكە قېقىش؛

(6) قانۇن، نىزاملاردا مەنئىي قىلىنغان باشقا ناتوغرا رىقابەت ۋاستىلىرىنى قوللىنىش.

**تۆتىنچى باب ئۆلچەش ـ سىزىش نەتىجىلىرىنى باشقۇرۇش**

19 ـ ماددا ئۆلچەش ـ سىزىش ئورۇنلىرى ئورۇندىغان ئاساس خاراكتېرلىك ئۆلچەش ـ سىزىش تۈرلىرى ۋە كەسپىي ئۆلچەش ـ سىزىش تۈرلىرى نەتىجىلىرىنىڭ مۇندەرىجىسى بەلگىلەنگەن سۈرۈك ئىچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش ـ سىزىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا ئىككى نۇسخا تاپشۇرۇلۇشى شەرت. تۆۋەندىكى ئۆلچەش ـ سىزىش تۈرلىرىدە ئۆلچەش ـ سىزىش نەتىجىسىنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسى تاپشۇرۇلۇشى كېرەك:

(1) دۆلەتنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمى ۋە تېخنىكا ئۆلچىمى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان 4 ـ دەرىجىدىن يۇقىرى ئاسترونومىيىلىك، ئۈچ بۇلۇڭلۇق، پولىگونلۇق، ئۇزۇنلۇق ۋە نىۋېلىرلىق ئۆلچەش نەتىجىسى جەدۋىلى، ئىپادە خەرىتىسى (لىنىيە خەرىتىسى)، تېخنىكا خۇلاسىسى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش دوكلاتى؛

(2) گراۋىمېترىيىلىك نەتىجە جەدۋىلى، ئىپادە خەرىتىسى، نورماللىسىزلىق خەرىتىسى، تېخنىكا خۇلاسىسى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش دوكلاتى؛

(3) سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئورۇن بەلگىلەپ ئۆلچەش قاتارلىق بوشلۇق گېئودېزىيىلىك ئۆلچەش نەتىجىسى جەدۋىلى، تورلاشتۇرۇش خەرىتىسى، تېخنىكا خۇلاسىسى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈ-

زوۋېلىش دوكلاتى.

ھاۋالە بىلەن ئورۇنداالغان ئۆلچەش-سىزىش ئۇرلىرىنىڭ نەتىجە مۇندەرىجىسى ياكى ئۇنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسىنى ھاۋالە قىلغۇچى تاپشۇرىدۇ.

رەسمىي بېسىلغان ئادەتتىكى خەرىتە ۋە مەخسۇس خەرىتە نەتىجىسى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە تاپشۇرۇلىدۇ.

20-ماددا ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش-سىزىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئۆلچەش-سىزىش نەتىجىلىرىنى توپلاش، رەتلەش، ساقلاش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى ھەمدە ئۆلچەش-سىزىش نەتىجىلىرى مۇندەرىجىسىنى قەرەللىك ئىشلەپ، ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ پايدىلىنىشىغا بېرىشى كېرەك.

21-ماددا ئۆلچەش-سىزىش نەتىجىلىرىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ.

ئۆلچەش-سىزىش نەتىجىسىگە ئىگىدارلىق قىلغۇچى ئورۇن دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ئۆلچەش-سىزىش نەتىجىسىنى پايدىلانغۇچى ئورۇنغا ھەقلىق بەرسە بولىدۇ. ئۆلچەش-سىزىش نەتىجىسىدىن پايدىلانغۇچى ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئۆلچەش-سىزىش نەتىجىسىنى ئۆلچەش-سىزىش نەتىجىسىگە ئىگىدارلىق قىلغۇچى ئورۇننىڭ ماقۇللىقىنى ئالماي تۇرۇپ ئۆز ئالدىغا كۆچۈرۈۋېلىشىغا ياكى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشىگە، ئارىيەت بېرىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

ئۆلچەش بەلگىلىرى ئالدىنقى-تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە ھەقلىق ئىشلىتىلىدۇ.

ئۆلچەش-سىزىش نەتىجىلىرىدىن بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا چېتىشلىق بولغانلىرىدا ئالاقىدار قانۇن، نىزاملار تەدبىقلىنىدۇ.

22-ماددا ئۆلچەش-سىزىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى باشقا ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئۆلچەش-سىزىش نەتىجىسىنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلاش خىزمىتىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرىدۇ.

23-ماددا ئاپتونوم رايوننىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدىكى جۇغراپىيىلىك ئورۇن، ئېگىزلىك، چوڭقۇرلۇق، كۆلەم، ئۇزۇنلۇق قاتارلىق مۇھىم ئۇچۇر مەلۇماتلىرى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئېلان قىلىنىدۇ. ئۆلچەش-سىزىشتا دائىر باشقا جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر مەلۇماتلىرىنى ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش-سىزىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تەكشۈرۈپ ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىپ ئېلان قىلىدۇ.

## بەشىنچى باب ئۆلچەش بەلگىلىرىنى ئاسراش

24-ماددا مەڭگۈلۈك ئۆلچەش بەلگىلىرى ۋە ئىشلىتىلىۋاتقان ۋاقىتلىق ئۆلچەش بەلگىلىرى دۆلەتنىڭ مۈلكى، ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئۇنى قانۇنسىز ئىگىلىۋېلىشىغا، ئۆز مەيلىچە يۆتكىشىگە ۋە بۇزۇۋېتىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

25-ماددا مەڭگۈلۈك ئۆلچەش بەلگىلىرىگە بەلگە ئورناتقان ئورۇن ئېنىق ئەسكەرتىش يازىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا قاراپ قويۇشنى شۇ يەردىكى يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ياكى كەنت ئاھالە كومىتېتى، ئورگان، تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇن ۋە شەخسلەرگە ھاۋالە قىلىدۇ.

26-ماددا ئۆلچەش بەلگىلىرىگە توك سىمى، ئانتېننا تارتىش، ئۇلاق باغلاش ۋە مەڭگۈلۈك ئۆلچەش بەلگىلىرىنىڭ بىخەتەرلىك دائىرىسى ئىچىدە كان ئېچىش، تاش ۋە توپا ئېلىش، قۇم-شېغىل قېزىش، پارتلىتىش ياكى ئۆلچەش بەلگىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە رولىغا زىيانلىق باشقا ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىش مەنئى قىلىنىدۇ.

27-ماددا قۇرۇلۇشنى مەڭگۈلۈك ئۆلچەش بەلگىلىرىدىن چەتلەپ ئېلىپ بېرىش لازىم؛ چەتلەشكە ھەقىقەتەن ئامال بولماي، مەڭگۈلۈك ئۆلچەش بەلگىلىرىنى يۆتكەشكە توغرا كەلسە، مەڭگۈلۈك ئۆلچەش بەلگىسى ئورناتقان ئورۇن ۋە شۇ جايدىكى ئۆلچەش-سىزىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ

ئۆلچەش -سىزىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن يۆتكەش كېرەك ، يۆتكەش ھەققىنى قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن تۆلەيدۇ .

28 -ماددا ئۆلچەش -سىزىش خادىملىرى ئۆلچەش بەلگىلىرىنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن ، ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەسئۇل بولىدۇ .

**ئالتىنچى باب جازالاش پرىنسىپى**

29 -ماددا بۇ نىزامنىڭ 19 -ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ ، ئۆلچەش -سىزىش نەتىجىلىرى مۇندەرىجىسى ياكى ئۇنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسىنى تاپشۇرۇشنى رەت قىلغان ، كېچىكتۈرگەنلەر چەكلىك مۇددەت ئىچىدە تاپشۇرۇشقا بۇيرۇلىدۇ ، ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەنقىد قىلىنىدۇ ؛ مۇھلىتى توشسىمۇ تاپشۇرمىغانلارنىڭ ئۆلچەش -سىزىش پائالىيىتى چەكلەنسە بولىدۇ ياكى ئۇلارغا دۆلەتنىڭ ئاساس خاراكتېرلىك ئۆلچەش -سىزىش نەتىجىلىرىنى بېرىش توختىتىلىدۇ .

30 -ماددا بۇ نىزامنىڭ 21 -ماددىسىنىڭ 2 -تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ ، ئۆلچەش -سىزىش نەتىجىلىرىنى ئۆز مەيلىچە كۆچۈرۋالغان ياكى ئۇنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن ، ئارىيەت بەرگەنلەردىن كۆچۈرۈۋېلىنغان ، ئۆتۈنۈپ بېرىلگەن ياكى ئارىيەت بېرىلگەن ئۆلچەش -سىزىش نەتىجىلىرى قايتۇرۇۋېلىنىدۇ ، ئۇلارنىڭ قانۇنسىز تاپاۋىتى مۇسادىرە قىلىنىدۇ ؛ قىلمىشى ئېغىرلىرىغا قوشۇمچە كۆچۈرۈۋالغان ، ئۆتۈنۈپ بەرگەن ، ئارىيەت بەرگەن شۇ ئۆلچەش -سىزىش نەتىجىلىرىدىن بەلگىلىمە بويىچە ئېلىنغان ھەق سوممىسىنىڭ ئىككى ھەسسىدىن ئۈچ ھەسسىسىگىچە جەرىمانە قويۇلىدۇ .

31 -ماددا بۇ نىزامنىڭ 24 - ، 26 - ، 27 - ۋە 28 -ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ ، ئۆلچەش بەلگىلىرىنى بۇزۇۋەتكەن بولسىمۇ ، قىلمىشى ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرى بويىچە جازالاشقا توشمىغانلار ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياكى زىيىنىنى تۆلەشكە بۇيرۇلىدۇ .

32 -ماددا بۇ نىزامنىڭ 29 - ، 30 - ، 31 - ماددىلىرىدا بەلگىلەنگەن مەمۇرىي جازانى ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش -سىزىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ياكى ئۇ ھوقۇق بەرگەن ئاپپارات بېرىدۇ . جەرىمانە -مۇسادىرە كىرىمى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ جەرىمانە -مۇسادىرە كىرىمنى باشقۇرۇشقا دائىر بەلگىلىمىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ .

33 -ماددا بۇ نىزامغا خىلاپلىق قىلىپ ، جازالاشقا تېگىشلىك باشقا قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلار ئالاقىدار قانۇن ، نىزاملار بويىچە جازالىنىدۇ .

34 -ماددا ئالاقىدار تەرەپلەردىن مەمۇرىي جازا قارارىغا قايىل بولمىغانلىرى مۇناسىۋەتلىك قانۇن ، نىزاملارغا ئاساسەن ، قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلىشقا ياكى دەۋا قىلىشقا ھوقۇقلۇق . ئالاقىدار تەرەپلەر قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلمىسا ، دەۋا قىلمىسا ، جازا قارارىنىمۇ ئىجرا قىلمىسا ، جازا قارارىنى چىقارغۇچى ئورگان خەلق سوت مەھكىمىسىگە مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ .

35 -ماددا ئۆلچەش -سىزىش مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرى ۋە ئالاقىدار مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ خادىملىرىدىن خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلغان ، ھوقۇقىدىن كەلسە-كەلمەس پايدىلانغان ، نەپسانىيەتچىلىك قىلغانلىرىغا ئۆز ئورنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگان مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنىڭ جىنايى جاۋاپكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ .

**يەتتىنچى باب قوشۇمچە پرىنسىپ**

36 -ماددا ھەربىي ئۆلچەش -سىزىش ئورۇنلىرىدىن يەرلىك ئۆلچەش -سىزىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىرى بۇ نىزامغا ئەمەل قىلىشى كېرەك .

37 -ماددا بۇ نىزامنى كونكرېت تەتبىقلاشتىكى مەسىلىلەرنى ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەش -سىزىش مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى چۈشەندۈرىدۇ .

38 -ماددا بۇ نىزام ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ .

# شېئىرلار

باھارگۈل ساۋۇت

## جاۋابسىز سۆيگۈ

مەن ساڭا قارىدىم قارىدىم ئۇزاق ،
تەلمۈرتتۈڭ ، ئىشقىمچۇن بەرمىدىڭ جاۋاب.
ئۆتتى كۈن ئاي يىللار ئۈنسىز سۆيۈشتە ،
قىپ قالدى يۈرەكتە ئەسىرلىك ئازاب.

## ئىشقىڭدىن ياراتتىڭ ئۆزگىچە دۇنيا

مەن ئىدىم قىرغاقتىكى نىمجان بىر بېلىق ،
سۇ بەردىڭ مېھرىڭدىن جان بەردىڭ ماڭا .
ياشاردىم قايتىدىن سۆيۈندى دىلىم ،
ئىشقىڭدىن ياراتتىڭ باشقا بىر دۇنيا .
مەن ئىدىم دېڭىزدا تىنىگەن كېمە ،
مۇساپەم نىشانسىز دىلىم ھەم غەمناك .
ئۇراتتى دولقۇنلار شىددەتتى بىلەن ،
سەن كېلىپ كۆرسەتتىڭ ماڭا بىر ماياك.
مەن ئىدىم دالىدا مۇزلىغان گىياھ ،
ئاتەشتەك باغرىڭدىن بەردىڭ ھارارەت.
نۇر ئەمگەچ مېھرىڭدىن ئۈللىدى تېنىم ،
ھاياتلىق باغىدا تاپتىم كامالەت.
مەن ئىدىم ئېچىلماي توزىغان غۇنچە ،
بۇلبۇلمۇ سايرىماس ئىدى ئىشقىمدا .
سەن بولغاچ مېنىڭدە سۆيگۈ تۇغۇلدى ،
مېھرىڭدە ياراتتىڭ باشقا بىر دۇنيا .
نۇر بەردىڭ ، قۇت بەردىڭ جانسىز ئىستەككە ،
ئىشقىڭدىن ياراتتىڭ باشقا بىر دۇنيا ،
كۆي بەردىڭ ، جان بەردىڭ ئىزگۈ يۈرەككە
ئەجرىڭدە ياراتتىڭ يېڭىچە دۇنيا .

## رەنجىمە

رەنجىتەي دەپ رەنجىتكىنىم يوق ،
رەنجىپ قاپتىڭ رەنجىدىم ئۆزۈم .
دىللىرىمنى ئەزدى نادامەت ،
ئەلەم ئىچىدە ياشلاندى كۆزۈم .
غەزىپىڭدە باقمىدىڭ قىيا ،
سۆز سورىسام بەرمىدىڭ جاۋاب.
ئازاپ سېلىپ تۆپىلەپ يانا ،
سۆكۈتۈڭدە قىلمىغىن خاراپ.
كەچۈر جانان نادانلىقىمنى ،
گۇناھىمنى سالما يۈزۈمگە .
سەنسىز ھايات ماڭا ئۆلۈمدۇر ،
ئىشەن مېنىڭ يۈرەك سۆزۈمگە .

## تىلەك

كىملەر پاك كىم ناپاك بىلىدۇ كىملەر ،
كىملەرنىڭ پاكلىقى كىملەرگە كېرەك ؟
كىم ئۈچۈن كىم زارلاپ چەكسە ھەسرەتلەر ،
كىم ئۈچۈن قۇرباندۇر بىچارە تىلەك ؟

### تويۇڭغا مۇبارەك

چىللاپسەن تويۇڭغا يېزىپ باغاقچە ،
قوشۇپسەن ئۇنىڭغا ھەمدە سالام خەت .
« ئۇنتۇپ كەت ! » دەپ ماڭا قىپسەن ئىلتىجا ،
ھەيرانمەن ، يوقالدىمۇ تۇنجى مۇھەببەت .

قەلبىمدە نادامەت كۆتۈردى غەليان ،
ماتەملەر ئىلكىدە ئىگىلدى بېشىم .
بىغۇبار ياشلىقىم ئالدانغانلىق ئەجەپ ،
ئۇن - تىنسىز پەريادسىز تۆكۈلدى يېشىم .

مۇبارەك تويۇڭغا دەردلىك قەلبتىن ،
بۇ ساڭا تىلەنگەن ئازاپلىق تىلەك .
مەنمۇ ھەم ئۇنتۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆرەي ،
مۇبادا ئۇنتۇشقا چىدىسا يۈرەك .

# شېئىرلار

## تۇراپ دائىم

### ھايات ئامراق مېھنەتكە

ھايات گۈزەل يەتسە قەدرىگە ،
تەن بەرمىسە ھەركىم تەقدىرگە ؛
چىدالىسا قاتتىق دەردىگە ،
ئىجاد بىلەن چۆمەر پەيزىگە .

ھايات يولى ئۇزاق ، بەك ئۇزاق ،
ئۈمىد قۇچقىن ، بارمىغ بىر تۇزاق .
يىغا كۆلكە ئىنسانغا ئورتاق ،
ئېزىپ كىرمە شەيتان كەينىگە .

ھايات سوئالى ئالار ئىمتىھان ،
ئاسان ئىش يوق بىلگىن ھېچ قاچان .
جاپا - راھەت قوشماق ، جانىجان ،
يۈگۈرمىگىن كۆڭدە سەيلىگە .

خۇمدان بولۇپ تاۋلايدۇ ھايات ،
خام پىشقانلار بولىدۇ بەربات .
مېھنەت بىلەن ئۆمرىڭنى ئۆزارت ،
چىپپۇرمە ئىشرەت بەزمىگە .

ھايات دېگەن كۈرەشتۇر ، كۈرەش ،
ئۆتكەن كۈننىڭ مۇڭسىن سۆيلەش ؛
گەر بولمىسا يۇقىرى ئۆرلەش ،
داغ تېگىدۇ ياشلىق يۈزىگە .

پىتنە - پاسات ھاياتقا مىتە ،
ھىلە - مىكىر نەپ بەرمەس قىلچە ؛
سەرسان بولار ھايات بىر مەزگىل ،
تۆھمەت يوقاپ ھەققە يەتكىچە .

ھايات بىزگە ياخشى قۇماندان ،
دەقىقىنى چىڭ تۇت بەك ئوبدان ؛
ئارزۇلارنى باسمىسۇن تۇمان ،
قانائەتنى قاقىدۇ چەتكە .

ئىشچانلارنى تېزىدۇ سەپكە ،
هورۇنلارنى هەيدەر قەھەتكە ،
پالۋانلارنى باشلار جەڭگە ،
هايات ئامراق هامان مېھنەتكە .

## ياخشى

نامەرتلەر رايىغا بېرىپ كۈلگەندىن ،
باتۇرنىڭ شەنىگە يېغىلغان ياخشى .
تۆھمەتخور ئۆيىدە بولغىچە مېھمان ،
ۋاپادار دوستۇڭنى يوقلىغان ياخشى .

خەسىستىن پۇل سوراپ مانتا يېگەندىن ،
زاغرائنى مىننەتسىز چاينىغان ياخشى .
كۆرەڭلەپ جار سېلىپ مەن ـ مەن دېگەندىن ،
ئىشەنچنى ، تىلەكنى ئاقلىغان ياخشى .

ھىجايسا ئالدىڭغا ھەسەتخور كېلىپ ،
مەرھەمەت دېگەندىن تىللىغان ياخشى .
ياخشىنى كۆرەلمەي چەتكە قاققاندىن ،
كۆڭۈلنى كەڭ تۇتۇپ چىللىغان ياخشى .

يۈرگىچە چېقىمنى بازارغا سېلىپ ،
پەزىلەت كۆكىدە چاقنىغان ياخشى .
ناھەققەكۆز يۇمۇپ تۇرغۇچە چەتتە ،
ھەقنى دەپ ، ئەلنى دەپ قاينىغان ياخشى .

يول ئىزدەپ ئازغاندا بىراۋ ئالدىڭدا ،
نىشاننى كۆرسىتىپ باشلىغان ياخشى .
نەدە بول خىسلىتىڭ چاقنىسۇن داۋام ،
شىرىنگە پەرھاتتەك جانىجان ياخشى .

## سۆيگۈ بىزنى قىلدى قەدىناس

جېنىم ئۇماق يۈرۈكمنى ئاھ ،
چىلاپ قويدۇم شاتلىق يېشىغا .
مەيلى ئىشەن ياكى ئىشەنمە ،
سىڭىپ كەتتىڭ ئىسسىق قېنىمغا .

ياشلىرىڭدىن كۆرۈپ پاكلىقنى ،
ئويناپ كەتتى يۈرىكىم ئۇزاق .
سۆيۈشلەردىن ھۆركىگەن يۇلتۇز ،
رۇخسارىڭدەك كۆرۈندى ئۇماق .

يۇلتۇزلارغا قارىدىم ئۇزاق ،
بىر جۈپ كۆزۈڭ بەكمۇ ئوخشىغاچ .
سۆيگۈ بىزنى قىلدى قەدىناس ،
سادىق ئۆتتۇق بولماي ئاق قۇچقاچ .

## ئەگىز سۈيى

ئەگىز سۈيى ئاقار باھار پەسلىدە ،
شىلدىر ـ شىلدىر ناخشا توۋلاپ يىراققا .
بارا ـ بارا چوڭ ئېقىنغا قوشۇلۇپ ،
سىڭىپ كېتەر ئاستا ـ ئاستا تۇپراققا .

گىرەلىشىپ تۇپراق بىلەن سۆيۈشۈپ ،
ئېرىشىدۇ ئاخىر تاتلىق ۋىسالغا .
ئەگىز بىلەن تۇپراق شۇنداق بىرلىشىپ ،
ئوزۇق بىرەر سۆيگۈسىدىن گىياھقا .



# پىكىر ئۇچقۇنلىرى

ئەيسا ئالىم

△ دۇنيادا ھەممە نەرسىنىڭ دورىسى تېپىلىدۇ، لېكىن بىرلا نەرسىنىڭ يەنى پۇشايماننىڭ دورىسى تېپىلمايدۇ.

△روھ — ھاياتلىقنىڭ بەلگىسى. چۈنكى ھەر قانداق ئادەمنىڭ روھى ئاۋۋال ئۆلىدۇ، ئاندىن ئۆزى ئۆلىدۇ، ئاخىرى تۈگەيدۇ.

△ قەيەردە ئىش خۇشياقماسلار، بىكار تەلەپلەر بولىدىكەن، قۇرۇق گەپ، غەيۋەت شىكايەتنىڭ ئۇۋۇسىمۇ شۇ يەردە بولىدۇ. ئىلىم - پەن ئىجادىيەت يولىدا جان - پىدالىق بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان ئىرىشچان ئادەملەرنىڭ قۇرۇق گەپ، غەيۋەت - شىكايەت ۋە سۈلەتۋازلىق قىلىشقا نەدىمۇ ۋاقتى بولسۇن؟

△باشقىلارنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋېلىش، يۆلىنىۋېلىش، سوكۇلداش ھەرگىزمۇ ئەسقاتمايدۇ. ئەسقاتىدىغىنى ۋە نەپ بېرىدىغىنى ھەر كىمنىڭ ئۆز ماھارىتى، ئەجرى.

△ھاياتلىقنىڭ ئەھمىيىتى ھەرگىز جاپا - مۇشەققەت، ئازاب - ئوقۇبەتتە ياشاش ئەمەس، بەلكى دۇنيانىڭ راھىتىنى كۆرۈش، لەززىتىنى تېتىش. ئەمما، ھاياتلىقتا جاپالىق كۆرەش قىلماي تۇرۇپ دۇنيانىڭ راھىتىنى كۆرگىلى، لەززىتىنى تېتىغىلى بولمايدۇ.

△ ئاز گەپ قىلماق — ھېكمەتكە سەۋەب. ئاز يېمەك — ساقلىقىقا سەۋەب، ئاغزىغا كەلگەننى دېمەك نادانىنىڭ ئىشى، ئالدىغا كەلگەننى يېمەك ھايۋاننىڭ.

△كەمتەر كىشىلەر كۆپ سۆزلەشتىن قاچىدۇ. كۆپ ئاڭلاشنى ياقتۇرىدۇ ۋە خالايدۇ. ئاڭلىماق كىشىنىڭ بىلىمىنى بېيىتىدۇ. كۆپ سۆزلىمەك يېقىتىدۇ، كۆپ گەپ قىلغان يېڭىلىدۇ. كۆپ يېگەن كۆپ يىقىلىدۇ، كېسەللىكنىڭ ئاساسى كۆپ يېمەك.

△ئەدەپ — ھۆرمەتسىزلىكنىڭ ئىشىكىنى ياپىدۇ، ئادەمنى مەسخىرە ۋە كەمسىتىشتىن ساقلايدۇ. ئەدەپ - ئىنسان تەبىئىتىگە ئىنسانىي پەزىلەت بەخش ئېتىدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ مىجەزىگە ئارام بېرىدۇ.

△نەپسىنىڭ بالاسىغا گىرىپتار بولغان كىشىنىڭ يېيىشتىن باشقا ھۈنىرى يوق. تەكەببۇر ئادەم گەپ سېتىشتىن باشقىغا يارىمايدۇ. بۇلارنىڭ بىرى ھارام غىزادىن غىزالىنىدۇ. بىرى بولسا دائىم ئۆزىنى ماختاش بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ.

△ ئادەم دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل مەخلۇق. ئىت يىرگىنىشلىك مەخلۇق. ئەمما ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان بىۋاپا ئادەم ياخشىلىقنى ئۇنتۇمايدىغان ۋاپادار ئىتتىن پەستۇر. ۋاپادار قوتۇر ئىت ۋاپاسىز بەرنا يىگىتتىن ياخشىراق.

△قابىلىيەتلىك ئادەمنى تەربىيىلىمەسلىك — زالىملىق، قابىلىيەتسىز ئادەمگە تەربىيە قىلىش بىھۇدە ئاۋارىچىلىق، ئالدىنقىسىدىن تەربىيىنى ئاياپ نابۇت قىلما، كېيىنكىسىگە تەربىيەڭنى زايا قىلما.

# ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە، ياپونىيە پارلامېنتلىرىنىڭ قانۇن لايىھەلىرىنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى ۋە تەكشۈرۈش تەرتىپى

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

**ئۈچىنچى، تەكشۈرۈش تەرتىپى**

**1. ئامېرىكىنىڭ تەكشۈرۈش تەرتىپى:** تەكلىپ لايىھەلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئاۋۋال گۇۋاھلىق سۆزلىرىنى ئاڭلاش ۋە سوراش ئارقىلىق ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇنىڭغا ئومۇمەن دۆلەتنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان گراژدانلار، قانۇن لايىھەلىرى بىلەن ئالاقىدار ئىجتىمائىي تەشكىلات خادىملىرى، شۇنىڭدەك كومىتېتلارنىڭ تەكلىپى بىلەن يىغىنغا قاتناشقۇچىلار ياكى ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزلىكىدىن يىغىنغا قاتنىشىشنى ئىلتىماس قىلغان ۋەكىللىرى قاتناشسا بولىۋېرىدۇ. گۇۋاھلىق سۆزلىرىنى ئاڭلاش ۋە سوراشتىن مەقسەت قانۇن لايىھەلىرىگە ئالاقىدار ماتېرىياللار ۋە ئىسپاتلارنى كەڭ تۈردە توپلاشتىن ئىبارەت. گۇۋاھلىق سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، يىغىن سىرتىدىكىلەر چىقىپ كېتىدۇ، ئاندىن مەخپىي يىغىن ئۆتكۈزۈلۈپ، تەكلىپ لايىھەلىرىنى بىر ياقلىق قىلىش چارىسى بېكىتىلىدۇ. ئۇ ئادەتتە 3 خىل بولىدۇ: (1) پارلامېنت يىغىنىغا دوكلات سۇنۇپ ماقۇللاشنى تەكلىپ قىلىش بېكىتىلىدۇ. دوكلاتتا كۆپ سانلىقلار بىلەن ئاز سانلىقلارنىڭ پىكىرلىرى تەڭ ئوتتۇرىغا قويۇلسا بولىدۇ. ئەسلى لايىھە تۈزىتىلسىمۇ ياكى باشقىدىن تەييارلانسىمۇ بولىدۇ. ئومۇمەن كومىتېتلار ماقۇللاشنى تەكلىپ قىلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ماقۇللىنىدۇ. (2) ئومۇمەن كۆپ سانلىق كومىتېت ئەزالىرى قوشۇلمىغان تەكلىپ لايىھەلىرىگە پارلامېنت يىغىنىدا قارشى پىكىرلەر قويۇلسا ھەم پارلامېنتنىڭ شۇ لايىھەنى بىكار قىلىشى تەكلىپ قىلىنسا بولىدۇ. (3) كومىتېتلار زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارىغان قانۇن لايىھەلىرىگە پەسەنت قىلمايدۇ، ھەم ئۇنى پارلامېنت يىغىنىغا دوكلات قىلمايدۇ. بۇنداق ئۇسۇل كومىتېتلارنىڭ «تاشلاپ قويۇش ھوقۇقى» دېيىلىدۇ. پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ بۇنىڭغا باشقىچە پىكىرلىرى بولسا، كومىتېتلاردىن شۇ تەكلىپ لايىھەلىرىنى پارلامېنتقا قويۇشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ، بۇنى پارلامېنت يىغىنى بىر ياقلىق قىلىدۇ. ئەمما بۇنداق تەكلىپلەرنىڭ قارىلىشى قىيىن.

**ياپونىيىنىڭ تەكشۈرۈش تەرتىپى:** ئامېرىكىنىڭكىگە ئومۇمەن ئوخشايدۇ، مۇھىم قانۇن لايىھەلىرى ئوچۇق يىغىندا ئاڭلاپ ئۆتۈلىدۇ. كومىتېتلار قانۇن لايىھەلىرى بىلەن پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتى بولغان ۋە بۇ ھەقتە بىلىمى، تەجرىبىسى بولغان كىشىلەر (ئادەتتە ئوچۇق بايان قىلغۇچى دېيىلىدۇ) ئارىسىدىن نامزات بەلگىلەپ، ئۇنىڭدىن قاتنىشىشنى ئۆزى ئىلتىماس قىلغانلارنىڭ تەكلىپ لايىھىسىگە قوشۇلغان ياكى قوشۇلمىغانلار بولسا، ئىككى تەرەپكە ئوچۇق بايان قىلغۇچىنى سايلاتقۇزىدۇ. كومىتېتلار ئوچۇق يىغىندا قاراپ ئۆتۈلمەيدىغان تەكلىپ لايىھەلىرىنى تەكشۈرگەندە ئالاقىدار ئىزاھاتلارنى ئاڭلىسا بولىدۇ، پارلامېنت باشلىقىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن گۇۋاھچى قاتناشتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلسىمۇ، كومىتېت ئەزالىرىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتسىمۇ، ئىچكى كابىنېت ۋە ئۇنىڭ باشقا ئورگانلىرىدىن زۆرۈر دوكلات ياكى خاتىرىنى تەلەپ قىلسىمۇ بولىدۇ. كومىتېتلار تەكشۈرۈش مۇزاكىرىسى ئاخىرلاشقان ھامان ئۇنى ئاۋازغا قويىدۇ، ئاندىن كومىتېت باشلىقى پارلامېنت باشلىقىغا دوكلات قىلىدۇ. ئاز سانلىق كومىتېت ئەزالىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان پىكىرلىرى يازما دوكلات سۈپىتىدە پارلامېنت باشلىقىغا سۇنۇلسا بولىدۇ. پارلامېنت كومىتېتلارنىڭ تەكشۈرۈشى داۋامىدىكى ئەھۋاللار توغرۇلۇق ئارىلىقتا دوكلات قىلىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ.

كومتېتلار زۆرۈر تېپىلغاندا ، بىرلەشمە تەكشۈرۈش يىغىنى ئاچسا بولىدۇ ، ئۇ ، پەقەت ئىككى پالاتىدىكى كومتېتلارنىڭ پىكىرلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىلا مەقسەت قىلىدۇ ، ئادەتتە ئاۋازغا قويىدىغان ئىشلار بولمايدۇ. ئاخىرقى ئاۋازغا قويۇش هوقۇقى يەنىلا ئىككى پالاتادىكى كومتېتلاردا بولىدۇ.

**3 . فرانسىيىنىڭ تەكشۈرۈش تەرتىپى :** ئادەتتە ئوچۇق يىغىن ئۆتكۈزۈلمەيدۇ. كومتېتلار پارلامېنت يىغىنىنىڭ تەكشۈرۈش هوقۇقى بېرىشكە ئېهتىياجلىق بولغاندا ، ئاندىن كومتېت ئەزالىرى (7كىشىدىن ئاشمايدۇ) نى پالاتا سىرتىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتىدۇ. پارلامېنت يىغىنىنىڭ ئالاهىدە قارارى بىلەن تېخىمۇ كەڭ تەكشۈرۈش هوقۇقىغا ئېرىشسە ، قەسەم ئىچكەن گۇۋاهچىلاردىن سۈرۈشتۈرسە بولىدۇ. كومتېتلار مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلغاندىن كېيىن ، هەر بىر قانۇن لايىهىسى ئۈستىدە بىر نەپەر دوكلاتچى بېكىتىپ تەكشۈرۈش دوكلادى تەييارلايدۇ ، بۇ ئادەتتە قانۇن لايىهلىرىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ، تەكشۈرۈلگەن تۈزىتىلمەيلا لايىهلەرنىڭ تولۇق تېكىستى ، مۇزاكىرە ئەهۋالى ، قارار قىلىش ئەهۋالى ، قانۇن لايىهلىرى هەل قىلىنىدىغان ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى هەمدە شۇ لايىهگە ئالاقىدار قانۇن لايىهلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىلىرىنى ، بەزىدە هەرقايسى تەرەپلەرنىڭ باهاسى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دوكلات قانۇن لايىهلىرى كومتېتلارغا تاپشۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئۈچ ئاي ئىچىدە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ (ئەمەلىيەتتە ۋاقتى ئۇزارتىشقىمۇ بولىدۇ) .

(سىراجىدىن ئىسمايىل تەرجىمىسى)

**پارلامېنت تۈزۈمى** هاكىمىيەتنىڭ تەشكىللىنىش شەكىللىرىنىڭ بىرى. ئۇ ، بۇرژۇئازىيىنىڭ «ئۈچ خىل هوقۇقنى ئايرىم تۇتۇش» پرىنسىپى ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان. ئۇنىڭدا پارلامېنت دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي هوقۇقلۇق ئورگىنى ۋە ئەڭ ئالىي قانۇن چىقىش ئورگىنىدۇر. هۆكۈمەت پارلامېنت ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن.

**ئۈچ خىل هوقۇقنى ئايرىم تۇتۇش** بۇرژۇئا دۆلىتى سىياسىي تۈزۈمىنىڭ مۇهىم بىر پرىنسىپى. يەنى قانۇن - چىقىرىش ، مەمۇرىيەت ۋە ئەدلىيەدىن ئىبارەت ئۈچ خىل دۆلەت هوقۇقىنى ئايرىم - ئايرىم هالدا ئوخشاش بولمىغان ئۈچ ئورگان تۇتىدىغان ، هەر قايسىسى مۇستەقىل ئىش قىلىدىغان ، بىر بىرىگە چەك قويىدىغان تۈزۈم. ئادەتتە پارلامېنت قانۇن چىقىرىش هوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ . ئىچكى كابىنېت ياكى زۇڭتۇڭ مەمۇرىي هوقۇق يۈرگۈزىدۇ . سوت مەهكىمىسى ئەدلىيە هوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ .

# خەلق ۋەكىللىرى سوتچىلارنى نازارەت قىلدى



ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى مۇدىرلار يىغىنى يۇقىرى خەلق سوت مەھكە-مىسى ئىقتىساد كوللېگىيىسىنىڭ خىزمىتى باھالاشنى مۇھاكىمە قىلدى ۋە ئورۇنلاشتۇردى

## سۈرەتلىك خەۋەر



مۇدىر ھامىدىن نىياز تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلىدى

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر مۇدىرلار يىغىنىغا تەكشۈرۈش ئەھۋا-لىدىن مەلۇمات بەرمەكتە





ئىقتىساد كوللېگىيىسىنىڭ مەسئۇلى يىغىنغا دېلو بېجىرىش ئەھۋالىدىن مەلۇ-مات بەرمەكتە

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۈتاش نومۇرى : CN65 — 1166/D   پوچتا ۋەكالەت نومۇرى : 34 - 58
ئېلان رۇخسەتنامە نومۇرى : 01005433   باھاسى : 1.80 يۈەن



قىرغىز ئارتىس

لۇ ۋاڭخاۋ فوتوسى